# ئىزدىنىش

(تاللانما)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى

5

1995

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1995-يىل 5-سان
(ئومۇمىي 83-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى «ئىزدىنىش»نىڭ 1995-يىللىق 5-، 6-، 7- سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**


---

## مۇندەرىجە


**خىزمەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە تىرىشىپ يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتايلى .................. ۋېي جيەنشىڭ (2)**

يېزا سىياسىتى تەتقىقاتىغا دائىر بىرقانچە مەسىلە .............................. **ۋېن جياباۋ (19)**

**ئوبزور**

ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەيلى ........... **ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى (34)**

**ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشكە دائىر مۇھاكىمە**

بىزنىڭ ئىشلىرىمىز باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا مۇراجىئەت قىلماقتا ......... **خۇاڭ چياڭ (39)**


**★5-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

---


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكتىرونلۇق مەتبە سىستېمىسى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)


---

# خىزمەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە تىرىشىپ يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتايلى*

ۋېي جيەنشىڭ

## 1

1994-يىلى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدا، يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيە ئىستىلى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر ۋە ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى ۋە ئاساسىي پرىنسىپىنى تەكىتلىدى. مەركەزنىڭ تەدبىرى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى چىرىك-لىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر بولۇپمۇ پارتىيە، ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلار "ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش" فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىكى ئاڭلىقلىقنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى؛ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى داۋاملىق ھالدا ساغلام راۋاجلىنىپ ماڭدى. مەركەز ئورۇنلاشتۇرغان چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بەزى جايلار ۋە تارماقلارنىڭ بەزى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىر

* بۇ ماقالە ئاپتورنىڭ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا سۆزلىگەن دوكلاتى، ئېلان قىلىنىدىغان چاغدا ئاپتور قىسقارتقان ۋە تۈزىتىش كىرگۈزگەن.

قەدەر كۆرۈنەرلىك بولدى. ئۇ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنى قوغداش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

رەھبىرىي كادىرلار مەركەزنىڭ 1993-يىلى ۋە 1994-يىلى ئوتتۇرىغا قويغان ئىككى ”بەش ماددىلىق بەلگىلىمە“سىنى ھەرىكەت ئۆلچىمى قىلىپ، پاك-دىيانەتلىك بولۇش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش جەھەتتە-كى ئاڭلىقلىقنى ئاشۇردى. جايلار ۋە تارماقلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئومۇميۈزلۈك ھالدا مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمى چىقارغان «رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-دىيانەت-لىك بولۇشى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە سىلىشتۇرۇپ مەخسۇس تېمىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ئوبدان ئېچىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش»نىڭ تەلىپى بويىچە، مەخسۇس تېمىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ئاچتى. دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئارقىلىق، رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەكشۈردى ۋە تۈزەتتى، سىياسەت چېگرىسى ۋە ھەرىكەت قائىدىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلى ۋە پاكلىق جەھەتتە بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك قايتا تەربىيىگە ئېرىشتى. نۇرغۇن جايلار ۋە تارماقلار ئىككى ”بەش ماددىلىق بەلگىلىمە“گە ئاساسەن، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ تەكشۈرۈلگەن مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاكلىقنى ساقلاش تۈزۈمىنى ئورناتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى.

ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىدە بىر قەدەر زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئەنزە تەكشۈرۈش خىزمىتىگە بولغان رەھبەر-لىكنى كۈچەيتتى. قانۇن ۋە ئىنتىزامنى ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار زىچ ماسلىشىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بىر تۈركۈم چوڭ ۋە مۇھىم ئەنزىلەرنى پاش قىلدى. ئاممىنىڭ ئەنزە پاش قىلىش ئەھۋالى داۋاملىق ياخشى بولۇپ كەلدى، پاش قىلىشقا دائىر خەت-چەكلەر ۋە ھال-ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئومۇمىي مىقدارى كۆپەيدى، ھەمدە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەسىلىسىنى، خىيانەت قىلىش-پارا ئېلىش جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ۋە يۈز-خاتىرە قىلىپ قانۇننى بۇزۇش جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى پاش قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆپەيدى، ئۆز ئىسمىنى يېزىپ پاش قىلىدىغانلارنىڭ سانىمۇ كۆپەيدى. نۇرغۇن ئەنزە بىجىرگۈچى خادىملارنىڭ ئەنزىلەرنى ئادىل بىجىرىشى، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك كاشىلا ۋە توسالغۇلارنى تۈگىتىشى ئارقىسىدا، دېلو ئېچىش ۋە بوغۇش مىقدارى كۆرۈنەرلىك ھالدا كۆپەيدى، چوڭ ۋە مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىدە بىرقەدەر زور ئىلگىرىلەش بولدى. تەسىرى كۈچلۈك بولغان بەزى چوڭ ئەنزىلەرنى نۇرغۇن جايلار ئىچكى قىسمىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىش ياكى ئاخبارات ۋاستىسى بىلەن ئاشكارا خەۋەر قىلىش ئارقىلىق، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش جەھەتتە مەلۇم دەرىجىدە داغدۇغىلىق ۋەزىيەت ۋە چۆچۈتۈش كۈچىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

شەكىللەندۈردى.

تارماقلار ۋە كەسىپلەردىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش خىزمىتىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئېنىق بۇيرۇق چىقىرىلىپ بىر تۈركۈم نامۇۋاپىق ھەق ئېلىش تۈرلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىغا چەت ئەللەرگە چىقىپ (چېگرىدىن چىقىپ) ساياھەت قىلىدىغان ئىشلار ئاساسىي جەھەتتىن كونترول قىلىندى. پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى كارخانىلارنىڭ مال-مۈلكىنى ھەقسىز ئىگىلىۋالىدىغان مەسىلىلەر دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاندى ۋە قايتۇرۇلدى. ئاممىدا قاتتىق ئىنكاس قوزغالغان بەزى ناتوغرا ئىستىللار تىزگىنلەندى.

جايلار ۋە تارماقلار ئەمەلىيەت داۋامىدا بەزى ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقتى ۋە تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى. بۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكىچە:

(1) پۈتۈن پارتىيە ھەرىكەتكە كېلىپ، پارتىيە-ھۆكۈمەت بىرلىكتە تۇتۇش، ھەر دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبەرلەر بىۋاسىتە تۇتۇشتىن ئىبارەت رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى شەكىللەنگەن. بەزى جايلار ۋە تارماقلاردىكى پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ”چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى ئۆزىمىزدىن باشلىشىمىز، رەھبەرلىك بەنزىسەدىن باشلىشىمىز كېرەك“ دەپ ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر مەركەزنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۆز رايون ۋە تارماقلىرىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلغان ۋە ئورۇنلاشتۇرغان، نۇرغۇن جايلاردىكى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر رەھبىرىي كادىرلارنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتى بويىچە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورناتقان، ھەمدە ھەرقايسى فونكسىيىلىك تارماقلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى ماسلاشتۇرۇپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرگەن. تەڭ تۇتۇش قىلىپ ئورتاق باشقۇرىدىغان بۇ خىل رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا پايدىلىق، ئىنتىزام تەكشۈرۈش-رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش جەھەتلەردىكى فونكسىيىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشىغا پايدىلىق.

(2) مەخسۇس ئورگانلارنىڭ نازارەت قىلىشى بىلەن ئاممىنىڭ نازارەت قىلىشىنى بىرلەشتۈرۈش يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىلگەن. بەزى جايلار ۋە تارماقلار ئىنتىزام تەكشۈرۈش، ئەدلىيە، رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ نازارەت قىلىشىنى ئاممىنىڭ نازارەت قىلىشى، جامائەت پىكرىنىڭ نازارەت قىلىشى، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ ۋە پارتىيىسىز زاتلارنىڭ نازارەت قىلىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان رېۋىزور خادىملىرى، پارتىيە ئىستىلىنى، پاكلىقنى نازارەت قىلغۇچىلار ۋە خەلق ئۇچۇرچىلىرىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش داۋامىدىكى ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا،

پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئاممىنى پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشىغا ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە قاتناشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. مەسىلەن، پاك-دىيانەتلىك بولۇش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش جەھەتتە، نۇرغۇن ئورۇنلار رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدىكى ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈش، ئۆزى تۈزىتىش ئەھۋالىنى مەلۇم دائىرە ئىچىدە ئاممىغا ئۇقتۇرۇپ، ئاممىنىڭ باھالىشىنى ۋە نازارەت قىلىشىنى قوبۇل قىلغان. كەسىپلەردىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش جەھەتتە، كەسىپنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماق مەسئۇل بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىستىلنى تۈزىتىش خىزمىتىنى ئاممىنىڭ نازارىتى ئاستىغا قويغان. مەسىلەن، بەزى جايلار ”توكنىڭ باھاسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىش“ ئۇسۇلىنى يولغا قويغان، بەزى جايلار دېھقانلارغا ”ھەق ئېلىشنى نازارەت قىلىش كارتوچكىسى“ تارقاتقان، بەزى جايلار ۋە تارماقلار ھەق ئېلىش ئىجازەتنامىسى تارقاتقان ھەمدە ھەق ئېلىش ئىجازەتنامىسىنى يىللىق تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويغان، ھەق ئېلىش ئىشلىرىنى قائىدىگە سېلىش، ئاممىنى نازارەت قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق، قالايمىقان ھەق ئېلىشتەك ئىشلارنى چەكلىگەن. نۇرغۇن جايلار ۋە تارماقلار خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزالىرى قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى زاتلارنى تەشكىللەپ، بەزى تارماقلار ۋە كەسىپلەرنىڭ ئىستىل-كەيپىياتى ئۈستىدە باھالاش ئېلىپ بېرىپ، ئىستىل تۈزىتىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن؛ بەزى رايونلار ۋە كەسىپلەر ”ھەق-ناھەقلىق ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش“ پائالىيىتىنى قاناق يايدۇرۇپ، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ كەسپىي ئەخلاق قارىشىنى كۈچەيتىپ، ناتوغرا ئىستىللارنى نازارەت قىلىش ۋە توسۇش جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئاشۇرغان.

(3) ھەم چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى دائىملىق خىزمەت قاتارىدا تۇتقان، ھەم بىر مەزگىلدىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان، ئۈنۈم قازىنىش ئىمكانىيىتى بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تاللاپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بىردەك چىڭ تۇتۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى خېلى زور كۆلەمدە ۋە داغدۇغىلىق بىلەن ئېلىپ بېرىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن، ئۆتكەن يىلى 6-ئايدا، مەركىزىي سىياسىي قانۇن كومىتېتى ۋە مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە مىنىسترلىكى ئايرىم-ئايرىم ھالدا مەملىكەت بويىچە تېلېفون يىغىنى چاقىرغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلار ۋە تارماقلار ئەنزە بىجىرىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بىر تۈركۈم چوڭ ۋە مۇھىم ئەنزىلەرنى پاش قىلغان. يەنە مەسىلەن، بەزى رەھبىرىي كادىرلارغا ماشىنا سەپلەپ بېرىش، ماشىنا ئىشلىتىش جەھەتتە بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش مەسىلىسىدە تەكشۈرۈش كۈچەيتىلگەن، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رۇش كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا بىر قىسىم ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر) لەرگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن باشقا، يەنە مەركىزىي كومىتېت ئورگانلىرىغا، دۆلەت ئورگانلىرىغا ۋە بىر قىسىم ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر)لەرگە مەخسۇس تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ئالدى بىلەن پارتىيە، ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق رەھبەرلەرگە ماشىنا سەپلەش ئەھۋالىنى بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈپ، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ تۈزىتىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلغان. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى دائىملىق خىزمەتنى زۆرۈر تېپىلغاندا گەۋدىلىك بولغان بىرەر مەسىلىنى تۇتۇپ خىزمەتنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرىدىغان بۇ خىل ئۇسۇل چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا پايدىلىق.

(4) يۈزەكى ھەل قىلىش بىلەن تۈپتىن ھەل قىلىشقا تەڭ ئېتىبار بېرىلىپ، تۈزۈم قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلگەن. جايلار ۋە تارماقلار چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى داۋامىدا، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى تۇتۇش بىلەن بىرگە، پاسسىپلىق، چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى پەيدا قىلىدىغان بەزى چوڭقۇر قاتلامدىكى مەسىلىلەرنى قائىدە-تۈزۈملەرنى تۈزۈش يولى بىلەن ئازايتىشقا ۋە تۈگىتىشكە دىققەت قىلغان. نۇرغۇن جايلار ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ۋە ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق، باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئاجىز ھالقىلارنى ۋە تۈزۈم جەھەتتىكى يوچۇقلارنى بايقاشقا دىققەت قىلىپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا قائىدە-تۈزۈملەرنى ئورناتقان ۋە مۇكەممەللەشتۈرگەن. بەزى جايلار ۋە تارماقلار ئىقتىسادىي ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ۋە مەمۇرىي تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش بىلەن بىرگە، بەزى نازارەت قىلىش، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ۋە تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، پاسسىپلىق، چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بىرقەدەر ياخشى ھالدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش خىزمىتىگە سىڭدۈرگەن. نۇرغۇن جايلار ۋە تارماقلار تۈزۈمنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى ۋە ۋەزىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغان ھەرىكەتلەرنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلغان. بۇ ئۇسۇللار تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىكى كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ئىپادىلىگەن.

1994-يىللىق خىزمەت نەتىجىلىرىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۆۋەتتە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنىڭ پارتىيە ۋە خىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك. قىسمەن رەھبىرىي يولداشلار پاك-دىيانەتلىك بولۇش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش ھەققىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئۆزىنى تەكشۈرۈپ ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنى تۈزەتمىگەن. بەزى ئورۇنلار مەخسۇس تېمىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنلىرىنى ئەستايىدىل ئاچمىغان، بەزى رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىدىكى بەلگىلىمىگە

خىلاپلىق قىلغان قىلمىشلىرىنى تەكشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن تۈزەتمىگەن. بەزى ئورۇنلار ئەنزە بېجىرىشتە كۆچلۈك بولمىغان، بەزى ئورۇنلار ھەتتا ئەنزىلەرنى بېجىرمەي باستۇرۇپ قويغان، ئىنتىزامنى قاتتىق ئىجرا قىلمىغان. جايلار ۋە تارماقلارنىڭ قورۇقچىلىق قىلىش ئەھۋالى ۋە ئارىغا ئادەم قويۇش كەيپىياتى ئېغىر پاراكەندىچىلىك قىلغان. پاش قىلغۇچىلارغا ۋە ئەنزە بېجىرگۈچىلەرگە زەربە بېرىش ئۆچ ئېلىش ئەھۋالى پات-پات يۈز بېرىپ تۇرغان. بەزى ناتوغرا ئىستىللار، مەسىلەن قالايمىقان ھەق ئېلىش مەسىلىسى بەزى جەھەتلەردە تۈزىتىلگەن بولسىمۇ يەنە قايتا باش كۆتۈرۈپ قالغان، ھەتتا يامراپ كەتكەن. بەزى جايلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان خىزمەتنى نازارەت قىلىشقا ۋە تەكشۈرۈشكە يېتىشەلمىگەن، ئۇنى دىگەندەك كۆچلۈك تۇتالمىغان. بەزى ئالاقىدار سىياسەتلەر، قانۇن-نىزاملار ۋە ئەمەلدە يولغا قويۇش پرىنسىپلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشى ئارقىدا قېلىپ، ئورۇنلاشتۇرۇلغان خىزمەتلەر بىلەن يۈرۈشلەشمىگەن، بۇمۇ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزگەن. كەڭ ئامما چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرى-لەش ئەھۋالىنى ھەم مۇئەييەنلەشتۈرگەن، ھەم دىگەندەك رازى بولمىغان. چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ۋەزىيىتى يەنىلا ئىنتايىن ئېغىر تۇرماقتا.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بەزى جايلار ۋە تارماقلاردا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنىڭ كۆچلۈك تۇتۇلمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇنۇمىنىڭ روشەن بولمىغانلىقى كۆپىنچە شۇ جايلار ۋە تارماقلاردىكى پارتىيە-ھۆكۈمەت ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە قارىتا توغرا تونۇشتا بولمىغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان. بۇ رەھبىرىي يولداشلارنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ پارتىيىنىڭ ھايات-ماماتىغا ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە ئىكەنلىكى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش بىلەن ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ھەققىدىكى تونۇشى توغرا بولماي، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇپ، ”قارشى تۇرماي بولمايدۇ، ھەقىقىي قارشى تۇرۇشقا ۋە كۆچەپ قارشى تۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ“ دەيدىغان پاسسىپ پوزىتسىيىنى تۇتقان، ”ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش“ فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىشتا قەتئىي بولمىغان. شۇڭا رەھبىرىي كادىرلارنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى، تەخىرسىزلىكىگە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈش ھېلىھەم چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشتىكى ھالقىلىق بىر مەسىلىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



1995-يىلى «8-بەش يىللىق» پىلانىنىڭ ئاخىرقى بىر يىلى، پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە مەركىزىي ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىنى ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلاندۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان مۇھىم بىر يىل. پارتىيە قۇرۇلۇشىمۇ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ئىشلىرىمۇ ياخشى ۋەزىيەت ۋە پۇرسەتكە دۇچ كەلمەكتە، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشقا، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىغا يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرمۇ قويۇلدى.

1995-يىلدىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە قويۇلغان ئومۇمىي تەلەپ: يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-، 4- ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ شۇنىڭدەك مەركىزىي ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا بەلگىلىگەن، يېتەكچى ئىدىيە، ئاساسىي پرىنسىپ ۋە ئۈچ تۈرلۈك خىزمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىدا چىڭ تۇرۇپ، مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى تەلەپ ۋە مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 2-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەھەتتە كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىپ، پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك قىلىش-چەكلەش مېخانىزمىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۆرەرلىك يېڭى نەتىجە يارىتىپ، «پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش»تىن ئىبارەت پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقىنى قوغداش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ تەلەپكە ئاساسەن، 1995-يىللىق چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ۋەزىپىسى مۇنداق:

**(1) رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-دىيانەتلىك بولۇشى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى جەھەتتە.**

بۇ يىل رەھبىرىي كادىرلارغا پاك-دىيانەتلىك بولۇش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش جەھەتتە قويۇلغان تەلەپ چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەھەتتە كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىش.

1) ئىككى "بەش ماددىلىق بەلگىلىمە"نى داۋاملىق ئەمەلىيلەشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنەچچە بەلگىلىمە توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە قوشۇمچە بەلگىلىمە چىقىرىلدى: ئولتۇراق ئۆي جەھەتتە: بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا مەبلەغ يىغىپ ئۆي سېلىشقا قاتنىششقا، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ شەخس ئۆي سېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. كىچىك ماشىنا ئىشلىتىش جەھەتتە: بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ ئارمىيىنىڭ، ساقچىنىڭ ماشىنا نومۇرىنى، چەت ئەللىكلەرنىڭ ماشىنا نومۇرىنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ تەستىقتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ ھۆكۈمەت پۇلى ۋە ئىدارىنىڭ ماشىنىسى بىلەن ماشىنا ھەيدەش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن يۇقىرى ئىستېماللىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە قاتنىششقا رۇخسەت قىلماسلىق جەھەتتە: ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن تىجارەت خاراكتېرلىك بەزمىخانا، تانساخانا ۋە كېچىلىك كۇلۇب قاتارلىق سورۇنلاردا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىششقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. زىياپەتكە قاتنىشىش جەھەتتە: مەملىكەت ئىچىدىكى ئورۇن ۋە شەخسلەر بىلەن بولغان ئالاقە داۋامىدا، دۆلەت ئىشلىرىنى ئادىل بىجىرىشكە تەسىر كۆرسىتىش ئېھتىمالى بولغان زىياپەتلەرگە قاتنىششقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ھەرقايسى رايون ۋە تارماقلار ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئاسان بولغان ئېنىق، كونكرېت بەلگىلىملەرنى چىقىرىپ، قاتتىق ئىجرا قىلىشى كېرەك. جايلار ۋە تارماقلار ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-دىيانەتلىك بولۇشى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى توغرىسىدىكى بەلگىلىملەرنىڭ مەزمۇنىنى مۇۋاپىق ھالدا تولۇقلىسىمۇ بولىدۇ.

2) پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇش كېرەك. ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار پاك-دىيانەتلىك بولۇش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشنى مەخسۇس تېما قىلىپ ئۆتكۈزۈلگەن دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا، ئىككى "بەش ماددىلىق بەلگىلىمە" ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار قوشۇمچە بەلگىلىمىلەرگە سېلىشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئورۇندىغان-ئورۇندىيالمىغانلىقىنى بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈشى؛ ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈشتە تەكشۈرۈلگەن مەسىلىلەرنىڭ تۈزىتىلگەن-تۈزىتىلمىگەنلىكىنى ۋە بىر تەرەپ قىلىنغان-قىلىنمىغانلىقىنى، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان يېڭى مەسىلىلەرنىڭ بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرۈشى ۋە يەنە ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان رايون ۋە ئورۇنلارنىڭ "ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش" فاڭجېنىدا چىڭ تۇرغان-تۇرمىغانلىقىنى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتى جەھەتتىكى تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرگەن-ئەمەلىيلەشتۈرمىگەنلىكىنى، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان-قويمىغانلىقىنى تەكشۈرۈشى لازىم.

www.uyghurkitap.com

ناھىيە (شەھەر)گە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىدارە-ئورگانلاردىكى بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلار، يېزا-بازارلاردىكى رەھبىرىي كادىرلار ۋە ئاساسىي قاتلام پونكىت-ئورۇنلاردىكى مەسئۇللار ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇپ، ئامما بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە باغلايدۇ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پاك، تىرىشچان بولۇش ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشى پارتىيە بىلەن ئامما، كادىرلار بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ناھايىتى مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، بۇ يىل ئۇلارنىڭ ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-دىيانەتلىك بولۇشى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى توغرىسىدىكى تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرگە، شۇنىڭدەك شۇ جايلارنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ چىقارغان قوشۇمچە بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، مەخسۇس تېمىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ئەستايىدىل ياخشى ئېچىپ، ئۆزىنى قاتتىق تەلەپ بويىچە تەكشۈرۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

3) دۆلەت كارخانىلىرىدىكى رەھبىرىي كادىرلار دۆلەتنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئۆزى تۇرۇشلۇق كارخانىدىكى دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇپ، كارخانا تەرەققىياتىنىڭ سوتسىيالىستىك يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇلارنىڭ پاك-دىيانەتلىك بولۇش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى ئىنتايىن مۇھىم ئىش، شۇنىڭ ئۈچۈن، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، مېخانىزمنى ئۆزگەرتىشى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تىنچ-ئىتتىپاقلىقنى قوغداش پرىنسىپىغا ئاساسەن، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-دىيانەتلىك بولۇشى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ مەخسۇس تېمىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى تەلەپ قىلىندى: تىجارەت، باشقۇرۇش پائالىيىتى داۋامىدا ئەسلى باھادىن تۇتۇپ قالغان پىرسەنتنى، ۋاستىچىلىك ھەققىنى، سوۋغا قىلىپ بېرىلگەن پۇلنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا؛ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ قوشۇمچە ۋەزىپە ئىش ھەققى، مۇكاپات سوممىسى ئېلىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. شەخسلەرنىڭ سودىگەرلىك قىلىپ كارخانا ئېچىشىغا؛ ۋەزىپە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئائىلە تاۋابىئاتى ۋە ئۇرۇق-تۇغقان، دوس-بىرادەرلىرىنىڭ سودىگەرلىك قىلىپ كارخانا ئېچىشىغا تۈرلۈك قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ تۇرالغۇ ئۆيىنى كۆپ ئىگىلىۋېلىشقا؛ ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن ئۆلچەمدىن ئېشىپ ئۆي سېتىۋېلىشقا ۋە سېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. كارخانىلار غەيرىي سىياسەت خاراكتېرلىك زىيان تارتىۋاتقان، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى بېرىلمەي سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان مەزگىلدە كىچىك ماشىنا سېتىۋېلىشقا؛ ئىمپورت قىلىنغان ئېسىل كىچىك ماشىنىلارنى سېتىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. كەسپىي ئورۇنلاردىكى رەھبىرىي

كادىرلارنىڭ پاك-دىيانەتلىك بولۇشى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى توغرىسىدا، پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ياكى دۆلەت كارخانىلىرىدىكى رەھبىرىي كادىرلارغا قويۇلغان پاك-دىيانەتلىك بولۇش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر ئىجرا قىلىنسا بولىدۇ.

4) رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پاك بولۇشى، تىرىشچان بولۇشى جەھەتتە نازارەت قىلىش-چەكلەش مېخانىزمىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بۇ يىل تۆۋەندىكى تۈزۈملەر ئورنىتىلىدۇ: پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ كىرىمىنى مەلۇم قىلىش تۈزۈمى؛ پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەت خادىملىرىنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى دۆلەت ئىشلىرى پائالىيىتىدە قوبۇل قىلغان سوۋغات بويۇملىرىنى تىزىملاش تۈزۈمى. بۇ ئىككى تۈزۈم دۆلەت كارخانىلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى رەھبىرىي كادىرلارغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ كەسپىي ئىشلار ئۈچۈن مېھمان كۈتۈش راسخوتىنى ئىشلىتىش ئەھۋالىنى ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا دوكلات قىلىش تۈزۈمىمۇ ئورنىتىلىدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ تۈزۈمنى، ئەمەلدە يولغا قويۇشنىڭ كونكرېت چارىلىرىنى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە مىنىستىرلىكى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىللە تۈزۈپ چىقىرىدۇ. نۇرغۇن ئورۇن ۋە تارماقلار پاك-دىيانەتلىك بولۇش توغرىسىدا بەزى تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىققان ۋە يولغا قويغان، ئۇلارنىڭ پائال سىناق ئېلىپ بېرىشىغا مەدەت بېرىش ھەمدە تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ پەيدىنپەي ئومۇملاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

**(2) ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە.**

ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، چىرىكلەشكەنلەرگە زەربە بېرىش چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنىڭ مۇھىم تەرىپى، شۇنداقلا ئاما ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان گەۋدىلىك مەسىلە. پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي ئورگانلىرى، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگانلىرى، ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە ئىقتىسادىي باشقۇرۇش تارماقلىرىدىكى قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان ئەنزىلەرنى، ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئەنزىلىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ داۋاملىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەنزىلەرنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان، چوڭ، مۇھىم ئەنزىلەر بىر قەدەر كۆپ كۆرۈلىدىغان ساھەلەردە، ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئەنزە بىجىرىش خىزمىتىدە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىش كېرەك.

ئەنزە بىجىرىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى داۋاملىق كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر چوڭ ۋە مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى، ئاساسلىق رەھبەرلەر ئۆزى بىۋاسىتە دوكلات ئاڭلاپ، توسالغۇلارنى تۈگىتىشكە ياردەم بېرىپ، ئەنزە بىجىرىش

خىزمىتىنىڭ ئۇچۇرلۇشۇش ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى؛ ئەنزە بىجىرىش كۈچىنى كۈچەيتىپ، ئەنزە بىجىرىش خىزمىتىنىڭ بىرىنچى سەپىدىكى خادىملارنى تولۇقلىشى؛ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى بىلەن ئەدلىيە ئورگانلىرى، مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلىش ئورگانلىرى، تەشكىلات-كادىرلار ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىپ، ئەنزىلەرنى قاراپ چىقىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئەنزە بىجىرىش ئۈنۈمى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى؛ تۆۋەن دەرىجىلىك ئورگانلار تۇسالغۇسى چوڭ، بۆسۈپ ئۆتۈشتە قىيىن بولغان ئەنزىلەرنى ۋاقتىدا يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلار ئۇنى بىۋاستە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى ياكى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ياردەم بېرىشى؛ چوڭ ئەنزىلەر يۈز بەرگەن ئەمما ئۇنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا كۈچلۈك بولمىغان رايون ۋە تارماقلارغا، يۇقىرىدىن ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتناشتۇرۇشى؛ قانۇن ۋە ئىنتىزام ئالدىدا ھەممە كىشىنىڭ باپباراۋەر بولۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، قانۇن-ئىنتىزامنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى؛ ھۆكۈم قىلىش يىغىنلىرىنى ۋاقتىدا ئېچىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان جىنايەتچىلەرنى چۆچۈتۈپ، خەلق ئاممىسىنى تەربىيىلىشى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى لازىم.

ئەنزىلەرنى ئاكتىپلىق ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئەنزىلەر كۆپ يۈز بېرىدىغان تارماق، كەسىپ، ئۇقتىلىق ئورۇن ۋە غەيرىي سىياسەت خاراكتېرلىك زىيان تارتتۇراتقان دۆلەت كارخانىلىرىدا، قانۇننى ئىجرا قىلىش ئۈستىدىن تەپتىش قىلىش، ئىش ئۈنۈمى ئۈستىدىن تەپتىش قىلىش، مەخسۇس تۈرلەر بويىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، مەخسۇس تۈرلەر بويىچە مۇيەسسەر قىلىش قاتارلىق چارىلەر ئارقىلىق، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭ ئەنزىلەرنىڭ يىپ ئۇچىنى تېپىش كېرەك. ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا، بىر-بىرىگە چېتىلىپ قالغان ئەنزىلەرنى بايقاشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. قانۇن-ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئەنزە بىجىرگۈچىلەرنىڭ بىرلىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ئەرزىيەت ۋە پاش قىلىش خىزمىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىش ھەمدە ھەقىقىي ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، پاش قىلغۇچىلارنى قوغداش، خىزمەت كۆرسەتكەن خادىملارنى مۇكاپاتلاش لازىم.

ئەنزە بىجىرىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش كېرەك. يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىشنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەھلىل قىلىپ، ئەنزە بىجىرىشتىكى ياخشى ئۇسۇللارنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر تۈزۈپ چىقىش؛ ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈش، بوغۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىش كېرەك. ئەنزىلەر كۆپ يۈز بېرىدىغان، چوڭ ئەنزىلەر يۈز بېرىدىغان بەزى جايلار ۋە تارماقلاردا، تىپىك ئەنزىلەرنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، جىنايەتچىنىڭ ئەنزە سادىر قىلىش ۋاستىلىرىنى تەتقىق قىلىپ، كەسپىي باشقۇرۇش،

نازارەتچىلىك مېخانىزمى، رەھبەرلىك ئۇسۇلى، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان ئاجىز ھالقىلارنى تېپىپ چىقىپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئالدىنى ئېلىش ۋە نازارەت قىلىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چوڭ ۋە مۇھىم ئەنزىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى ئازايتىش ۋە تىزگىنلەش لازىم.

**(3) تارماقلار ۋە كەسىپلەردىكى ناتوغرا ئۇسۇللارنى تۈزىتىش جەھەتتە.**

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، سىستېما بىلەن رايونلار زىچ بىرلىشىپ، ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلىرى ھەققىي تۈردە مەسئۇل بولۇپ، نۇقتىلىق نىشاننى بەلگىلەپ، تۈزەش چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ناتوغرا ئۇسۇللارنى توسۇش، ئىنتىزامنى تەرتىپكە سېلىشنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك. ئىلگىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان قالايمىقان ھەق ئېلىشنى ئېنىقلاش، ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن چەتكە چىقىپ (چېگرىدىن چىقىپ) ساياھەت قىلىشنى ئېنىقلاش، كارخانىلارنىڭ پۇلى ۋە مال-مۈلكىنى ھەقسىز ئىگىلىۋېلىشنى ئېنىقلاش شۇنىڭدەك پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بىلەن شۇ ئورگانلار باشقۇرغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى ئايرىۋېتىش، مەمۇرىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش، جەرىمانە قويۇش ۋە مۇسادىرە قىلىش يولى بىلەن قىلىنغان كىرىملەرگە قارىتا ”كىرىم-چىقىمنى ئايرىم-ئايرىم باشقۇرۇش“نى يولغا قويۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

بۇ يىل پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا، تاشيولدا قالايمىقان توساق قۇرۇش، قالايمىقان ھەق ئېلىش، قالايمىقان جەرىمانە قويۇش، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەردە قالايمىقان ھەق ئېلىش، دېھقانلارغا قالايمىقان سېلىق سېلىش، قالايمىقان ھەق ئېلىشتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ تەرەپتىكى ناتوغرا ئۇسۇللارنى مەركەزلىك ھالدا تۈزىتىش كېرەك. بەزى تارماقلار ۋە كەسىپلەر ئۆزىدە گەۋدىلىك ھالدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ناتوغرا ئۇسۇللارنى تۈزەشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەرنى ھەققىي ھەل قىلىشى لازىم.

جايلار ۋە تارماقلار يۇقىرىقى خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ”كىچىك خەزىنە“نى ئېنىقلاشنى، يەنى دۆلەت ۋە ئىدارىنىڭ كىرىمىدىن تۇتۇپ قالغان، ئىگىلىۋالغان، ئىدارە مالىيە بوغالتىرلىق بۆلۈمىنىڭ كىرىم-چىقىم ھېساباتىغا يازدۇرماي، ئۆزى ساقلاپ تۇرغان تۈرلۈك مەبلەغلەرنى ئېنىقلاشنى، پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى كادىرلارنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن ئۆيىگە تېلېفون ئورنىتىش مەسىلىسى ياكى ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان باشقا گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئېنىقلاشنى مەخسۇس تۈزەش ۋەزىپىسى قىلىشمۇ بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# 3

دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى قوغداش، سىياسىي ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش پارتىيە قۇرۇلۇ-شىنى كۈچەيتىشتە ئىنتايىن مۇھىم. ئىنتىزام تەكشۈرۈش-رېۋىزىيە ئورگانلىرى پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى داۋاملىق ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت ۋە قارارلىرىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش فونكسىيىسىنى، دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىنى، قانۇن-نىزاملىرىنى شۇنىڭدەك قارار، ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش فونكسىيىسىنى تولۇق يۈرگۈزۈپ، مەركەزنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى قوغداش، سىياسىي ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە، ناھىيە دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈشنىڭ نۇقتىلىق ئوبيېكتى بولىدۇ. قىل دېگەننى قىلماي، قىلما دېگەننى قىلىدىغان، جاي، تارماق ۋە كىچىك مەزھەپلەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئومۇمىي مەنپەئەتكە زىيان سالىدىغان قىلمىشلار، ساختىپەزلىك قىلىش، يالغاننى مەلۇم قىلىپ مۇبالىغىچىلىك قىلىش يوللىرى بىلەن ھەر خىل شان-شەرەپ ۋە مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈۋالىدىغان قىلمىشلار، كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئىشقا قويۇشتا يېقىنلىرىنى ئىشقا قويىدىغان، مۇناسىۋەت باغلاپ، ئارقا ئىشىكتىن مېڭىپ، قول ئۇزارتىپ ئەمەل تەلەپ قىلىدىغان، شەخس ياكى ئاز سانلىقلار رەھبىرىي كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلىدىغان قىلمىشلار، شەخس ھاكىممۇتلەقلىك قىلىپ، دېموكراتىيىنى بېسىپ، ئۆچ ئېلىپ زەربە بېرىپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىدىغان قىلمىشلار، ئېغىر بيۇروكراتچىلىق قىلىپ، خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، ئېغىر ئىقتىسادىي زىيان ۋە ئادەم ئۆلۈش-زەخ-مىلىنىش ھادىسىلىرىنى پەيدا قىلغان قىلمىشلار نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا قارشى تۇرغان، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشكە توسقۇنلۇق قىلغان ۋە قارشى تۇرغان قىلمىشلار سېزىلگەن ھامان ۋاقتىدا جىددىي بىر تەرەپ قىلىنىشى لازىم.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ يىل پارتىيىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا، ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە ۋە سىياسىي ئىنتىزامغا ئەمەل قىلىش

ۋە ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش، سىياسىي ئىنتىزامغا ئەمەل قىلىش ئەھۋالىنى كادىرلارنى باھالاشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلىشى كېرەك.

بۇ يىل ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى شۇنىڭدەك ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات داۋامىدىكى نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى يېقىندىن چۆرىدەپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ سىياسىي ئىنتىزامغا ئەمەل قىلىش ئەھۋالىنى شۇنىڭدەك مەركىزىي ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك تەدبىر ۋە ۋەزىپىلەرنى، مەسىلەن ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، پۇل پاخاللىقىنى تىزگىنلەش، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك يۈرۈشلەشمە ئىسلاھاتلارنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ماكرولۇق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، قۇرۇلمىنى تەڭشەشنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق تەدبىر ۋە ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش كېرەك. قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق مەركەزنىڭ نوپۇزىنى قوغداش، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

## 4

يېڭى بىر يىل ئىچىدە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشى كېرەك، بۇ ۋەزىپە خېلىلا مۇشكۈل، شۇڭا خىزمەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشى ھەمدە تۆۋەندىكى ئاساسىي خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇ — يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ تۈپ تەدبىرىدۇر. يولداش جياڭ زېمىن

يېقىندا: «ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ تارىخىي ئېقىمىدا، ھەم زور بىر تۈركۈم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرغۇچى يېڭى كىشىلەر يېتىلىپ چىقىدۇ، ھەم ئىرادىسى ئاجىز بىر قىسىم كىشىلەر كېرەكتىن چىقىرىلىشى مۇمكىن» دەپ كۆرسەتتى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، مۇتلەق كۆپ ساندىكى رەھبىرىي كادىرلار سىناقتا بەرداشلىق بەردى، لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر ھاكىمىيەتنى تۇتۇشنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، پۇل، ماددىي نەرسە ۋە ھاۋايى ھەۋەس ئالدىدا يىقىلىپ قالدى. قاتتىق رېئاللىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ سۈپىتى ئۆزگىرىشتىن ساقلىنىشى ئىنتايىن مۇھىم ھەم جىددىي بىر سىياسىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار چوقۇم 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنى قارارىدىكى تەلەپلەر بويىچە، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى، كادىرلارنى ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشكە، بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە نىزامنامىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، كوممۇنىستىك غايە ۋە ئېتىقاد تەربىيىسى، قانۇنچىلىق تەربىيىسى، پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشقا بىرلەشتۈرۈپ، كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كادىرلارنى توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇشقا، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، جاپالىق ئىگىلىك يارىتىپ، پۇلپەرەسلىككە، راھەتپەرەسلىككە ۋە چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇشقا، ئىسراپخورلۇق قىلىپ، راھەت-پاراغەتكە بېرىلىدىغان چىرىك كەيپىياتنى توسۇشقا، چىرىك ئىدىيە، مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدىن چىرىپ كېتىشتىن ساقلىنىشقا يېتەكلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار تېخىمۇ ئالدىدا مېڭىپ، ئۈزى ئۈلگە كۆرسىتىپ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پاك-تىرىشچان بولۇش جەھەتتە باشلامچى بولۇشى كېرەك.

ھوقۇقنى نازارەت قىلىش، چەكلەشنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. بىرىنچىدىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نازارەت قىلىش قائىدىسى ۋە ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقىش؛ ئىككىنچىدىن، ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان تۈزۈملەرنى، مەسىلەن ھوقۇقنى پارچىلاش ۋە چەكلەش، كادىرلارنى ئالماشتۇرۇش ۋە يۆتكەپ تۇرۇش، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئوچۇق-ئاشكارا بولۇش، دېموكراتىك نازارەت، ئاممىۋى نازارەتنى يولغا قويۇش قاتارلىق تۈزۈملەرنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇچۇرنى راۋانلاشتۇرۇش، نازارەتنى ئۆز جايىغا يەتكۈزۈش ئىمكانىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا سېزىش ۋە پاش قىلىشقا ئىمكان بېرىدىغان بىر يۈرۈش چارىلەرنى تۈزۈپ چىقىش؛ تۆتىنچىدىن، نازارەتنى ئىنتىزام ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈپ، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلارنى چوقۇم ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بۇ

جەھەتتىكى قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پارتىيە ئىچىدە نازارەت قىلىش نىزامى» ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىنتىزام بويىچە بىر تەرەپ قىلىش نىزامى» ، «جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي رېۋىزىيە قانۇنى» قاتارلىق ئاساسىي قانۇنلارنى ۋە بەلگىلىمىلەرنى چىڭ تۇتۇپ يېزىپ چىقىش كېرەك.

ئىسلاھات روھى بىلەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. يېڭى ۋەزىيەت ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدى. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى داۋاملىق ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىي-نەزەرىيىۋى ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقىغا بوي سۇنۇش، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تونۇش ۋە ئىگىلەشكە ماھىر بولۇشى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىگە دائىر كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۈزلۈك-سىز ئۆستۈرۈشى كېرەك. كەڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرى پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن تەربىيىلە-نىشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، خالىس تۆھپە قوشۇش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشتەك ئېسىل ئىستىللارنى جارى قىلدۇرۇشى؛ ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، نوچىلارغا چېقىلىشقا جۈرئەتلىك بولۇشى؛ ۋەزىپىسىگە سادىق بولۇپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، شىجائەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشى؛ ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىغا تايىنىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى ھەقىقىي تۈردە ئىزچىللاشتۇرۇپ، كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىش بىلەن شەخسلەر ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇشنى بىرلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تورۇشى؛ "تۆتلەشتۈرۈش" فاڭجېنى ۋە ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى ياخشى سەپلىشى، مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشى؛ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، ئىنتىزام تەكشۈ-رۈش، رېۋىزىيە خىزمىتى بويىچە پارتىيىۋىلىكى كۈچلۈك، ئىستىلى ياخشى، كەسپكە پىششىق كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىشى لازىم.

ۋەزىپە جىددىي، ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئەمەلىيەتچىل بولۇش روھى ۋە ئەمەلىي ئىشلەش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن مۇشت چىقىرىپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ،

يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىش، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: رىسالەت ئابلا**

**تەلئەت ئىبراھىم**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# يېزا سىياسىتى تەتقىقاتىغا دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا

ۋېن جىاباۋ

## 1. يېڭى دەۋردە يېزا سىياسىتىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى

ھازىردىن باشلاپ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە، مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى تەرەققىياتى ئىككى چوڭ ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىگە دۇچ كەلمەكتە: بىرى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، ئۈنۈملۈك تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش؛ يەنە بىرى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش. بۇ ئىككى چوڭ ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئەھمىيەت بېرىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇللۇق ئورنىنى كۈچەيتىپ، يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر تەرىپى شۇكى، يېزا سىياسىتى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، يېزا سىياسىتىنى توغرىلاپ، سىياسەت ئارقىلىق يۈز مىليونلىغان دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش كېرەك.

پارتىيىمىز ئەزەلدىنلا يېزىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ۋە توغرا فاڭجېن-سىياسەتلەرنى بەلگىلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. پارتىيىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئۈچلىسى مۇشۇ ئېسىل ئەنئەنىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ شانلىق ئۈلگىسى بولۇپ كەلدى. بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلىدىلا، يولداش ماۋ زېدۇڭ كەڭ كۆلەمدە چوڭقۇر تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، دېھقانلار مەسىلىسى — جۇڭگو ئىنقىلابىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان دېھقانلار ئىنقىلابنىڭ ئاساسلىق كۈچى، پرولېتارىياتنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئىتتىپاقدىشى دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇشۇنداق بىر ستراتېگىيىلىك فاڭجېننى بەلگىلىگەنلىكى ئۈچۈنلا، جۇڭگو ئىنقىلابى كەڭ دېھقانلارنىڭ ھىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ، ”يېزىلار

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق شەھەرلەرنى قورشاش» تىن ئىبارەت بىر توغرا يولدا مېڭىش ئىمكانىيىتى يارىتىلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئىجادكارلىق روھىغا ھۆرمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ كەلدى، ئۇ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىغا خاس پاراستى ۋە جاسارىتى بىلەن، كونا رامكىلارنىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى ئىسلاھاتنى قەتئىي قوللىدى ۋە ئىلگىرى سۈردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەشەببۇسى ئارقىسىدا، پارتىيىمىز دېھقانلار ئاممىسى ياراتقان ئائىلىلەر بويىچە مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە ئېلىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەكۈنلىدى ۋە يولغا قويدى، خەلق كوممۇنىسى تۈزۈلمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يول ئېچىش ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان بىر قاتار يېڭى سىياسەتلىرىنى يولغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئازاد بولدى ھەمدە شۇندىن ئېتىبارەن جۇڭگودا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش بەلگە قىلىنغان تارىخىي يېڭى سەھىپە ئېچىلدى. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى پىشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، دائىم يېزىلارغا چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىدە ۋە يېزىلاردا كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە قارىتا ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان بىر قاتار يېزا سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوغدىدى ۋە قوزغىدى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېزىلارنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنى ئالغا سۈردى، يېزىلارنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى راۋاجلاندۇردى.

پارتىيىمىزنىڭ نەچچە ئون يىللىق ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، «سىياسەت ۋە تاكتىكا پارتىيىنىڭ ھاياتى»، قاچان توغرا فاڭجېن-سىياسەت بەلگىلەنگەن بولسا، شۇ چاغدىكى ئىشلىرىمىز ئۇتۇقلۇق بولغان، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان؛ قاچان فاڭجېن-سىياسەتلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمىگەن بولسا، شۇ چاغدىكى خىزمەتلىرىمىزدىن چاتاق چىققان، ئىشلىرىمىزمۇ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، پارتىيىمىز يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە باپ كېلىدىغان بىر قاتار فاڭجېن-سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى، ئومۇملاشتۇرغاندا مۇنداق بىرنەچچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، ئائىلىلەر بويىچە مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە ئېلىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ ئائىلىۋى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئاكتىپلىقى ئىنتايىن زور دەرىجىدە قوزغىتىلدى، ھەمدە كوللېكتىپنىڭ بىر تۇتاش ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى؛ ئىككىنچى، كۆپ خىل ئىقتىسادىي

تەركىب بىلەن كۆپ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلى راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەر ئورتاق راۋاجلىنىدىغان تۈزۈلمە شەكىللىنىپ، يېزا ئىقتىسادىنى تولۇپ تاشقان جۇشقۇنلۇققا ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى؛ ئۈچىنچى، يېزا كەسىپ قۇرۇلمىسى پائال تەڭشىلىپ، ئاشلىق، پاختا قاتارلىق ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مۇقىم ئېشىش ئاساسىدا، كۆپ خىل ئىگىلىك ۋە يېزا-بازار كارخانىلىرى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلدى، يېزىلاردا ئىش تۈرلىرىنى ئايرىش، كەسپلەرنى ئايرىش ئىشلىرى بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلدى، شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئالماشتۇرۇشى كېڭەيدى، دېھقانلارنىڭ ھەرىكەت قىلىش دائىرىسى كېڭەيدى، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئاشتى؛ تۆتىنچى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، يەر، ئەمگەك كۈچى، مەبلەغ، تېخنىكا قاتارلىق ئامىللار بازىرى شەكىللەنمەكتە، دېھقانلار نوقۇل ئىشلەپچىقارغۇچىدىن نىسپىي مۇستەقىل بولغان ئىگىلىك باشقۇرغۇچىغا ئايلاندى؛ بەشىنچى، بىر قىسىم رايونلارنىڭ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالدىن بېيىشىغا يول قويۇش، ئالدىن بېيىغانلارنىڭ كېيىنكىلەرنىڭ بېيىشىغا ياردەم بېرىشى ۋە ئۇرتكە بولۇشى ئارقىلىق پەيدىنپەي ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش سىياستى يولغا قويۇلدى، ھەم پەرق ئېتىراپ قىلىنىپ، ھەم ئاخىرقى تەرەققىيات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، ئادىللىق بىلەن ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتى بىرقەدەر ياخشى بىر تەرەپ قىلىندى؛ ئالتىنچى، دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش ئۇسۇلى ياخشىلىنىپ، بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان پەيدىنپەي ئازايتىلدى، يېزا ئىگىلىكنى يۆلەش ۋە قوغداش جەھەتتە ئىقتىساد، قانۇن، ئۇچۇر ۋاستىلىرى بارغانسېرى كۆپ قوللىنىلىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىدا چوڭ ئۆرلەپ چوڭ چۈشۈش ئەھۋالىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىشقا، دېھقانلارنىڭ بازارغا كىرىش بىلەن دۇچ كېلىدىغان خەۋپىنى ئازايتىشقا ئىمكانىيەت يارىتىلدى، بۇ بىر قاتار سىياسەتلەر يېزا ئىگىلىكنىڭ ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ھالدا ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزىلارنىڭ قىياپىتىدە تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈردى، شۇنداقلا پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ پۇختا ئاساس سالدى. بۇ سىياسەتلەرنىڭ بۇنداق زور كۈچ-قۇدرەتنى كۆرسىتىشى، بۇنداق چوڭ رول ئوينىيالىشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب شۇكى، ئۇنىڭدا 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى پارتىيىمىز بەلگىلىگەن سىياسىي جەھەتتە دېھقانلار ئاممىسىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش، ئىقتىسادىي جەھەتتە دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ماددىي مەنپەئىتىگە تولۇق كۆڭۈل بۆلۈش پرىنسىپى تولۇق نامايان بولغان، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئاكتىپچانلىقى ئىنتايىن زور دەرىجىدە قوزغىتىلغان، ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان بۇ بىر قاتار سىياسەتلەر پارتىيىمىزنىڭ يېزىلارغا قاراتقان تۈپ سىياسەتلە-

رى، ئۇنىڭدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش كېرەك، بولۇپمۇ ئائىلىلەر بويىچە مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە ئېلىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدىن ئىبارەت بۇ يېزا سىياسىتىنىڭ ”ئۇلى“دا تېخىمۇ ئۇزاق مۇددەت چىڭ تۇرۇشىمىز ھەم ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۇنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز لازىم.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، يېزا سىياسىتىنىڭ كۆچى ئاساسەن سەرپ قىلىنىپ بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا، مۇھىمى، پەن-تېخنىكىغا ۋە سېلىنمىغا تايىنىش كېرەك دەپ قارايدىغان قاراش مەۋجۇت. بۇنداق قاراش ئەتراپلىق ئەمەس. نۆۋەتتە يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسى ئېغىر ھالدا كەمچىل بولۇش، يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئېغىر ھالدا ئارقىدا قېلىش مەسىلىسى ھەقىقەتەن مەۋجۇت، يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارمۇ ناھايىتى كۆپ. بۇلارنىڭ ھەممىسى يېزا ئىگىلىكىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىنى چەكلەپ تۇرىدىغان مۇھىم مەسىلىلەر، ئۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىش زۆرۈر. ئەمما بۇ، سىياسەتكە تايانمىسىمۇ، سىياسەت تەتقىقاتىغا سەل قارىسىمۇ بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. توغرا سىياسەت يەنىلا دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىتىدىغان، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم مەسىلىدۇر. سېلىنمىنى قانداق ئاشۇرۇش، پەن-تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشنى قانداق ئىلگىرى سۈرۈش، يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنىڭ ئۈنۈمىنى قانداق ئۆستۈرۈش، يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسىنى قانداق راۋاجلاندۇرۇش جەھەتلەردىمۇ سىياسەت مەسىلىسى مەۋجۇت. سىياسەتكە تايىنىش كېرەك، پەن-تېخنىكىغا تايىنىش كېرەك، سېلىنمىغا تايىنىش كېرەك، بۇ — مۇكەممەل بىر سىستېمىدۇر، سىياسەتنىڭ رولىنى ھەرقانداق چاغدىمۇ تۆۋەن مۆلچەرلەشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

90-يىللاردا، مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىقتىسادى تارىخىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان زور بۇرۇلۇش دەۋرىدە تۇرماقتا. يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئازاد قىلىش ۋە تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئىگە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ ئالدىمىزغا قويۇلغان ئىنتايىن زور ھەم مۇشكۈل ۋەزىپە. ئىسلاھات جەھەتتىن قارىغاندا، يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە باپ كېلىدىغان يېڭى تۈزۈلمىگە قاراپ بۇرۇلۇش دەۋرىدە تۇرماقتا، كونا تۈزۈلمە تېخى تامامەن يوقالمىغان، نۇرغۇن جەھەتتە تېخى تەسىر كۆرسەتمەكتە، يېڭى تۈزۈلمىنىڭ جازىسى بەزى تەرەپلەردە تېخى ئەمدىلا ئورنىتىلغان، نۇرغۇن تەرەپلەردە تېخى مۇكەممەل ئەمەس، يېزا ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. تەرەققىيات جەھەتتىن قارىغاندا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە يېزا ئىگىلىكىنى يېڭى بىر پەللىگە چىقىرىش ۋە دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، شۇ ئارقىلىق

يېزا ئىگىلىكىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى توتۇپ تۇرۇشتەك مۇھىم ۋەزىپىنى داۋاملىق ئۈستىگە ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېزىلاردىكى ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ۋەزىپىسى ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن مۇرەككەپ ھەم مۇشكۇل بولىدۇ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن سىياسەت مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يېزا ئىگىلىكىمىز پەيدىنپەي قانۇن ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى ئىدارە قىلىش، قانۇن ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى قوغداش، قانۇن ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش يولىغا قاراپ ماڭماقتا، «يېزا ئىگىلىك قانۇنى»نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى بۇنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى. بۇنىڭدىن كېيىن، يېزا ئىگىلىكى جەھەتتىكى قانۇنچىلىق خىزمىتىنىڭ ئورنى بارغانسېرى گەۋدىلىنىدۇ، يېزا سىياستىنى تەتقىق قىلىش ۋە يېزىغا ئائىت قانۇن-نىزاملارنى تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسى بارغانسېرى ئېغىرلىشىدۇ، سىياسەت، قانۇن-نىزاملارنىڭ رولى بارغانسېرى كۈچىيىپ بارىدۇ. بۇ ھەقتە، بىزدە ئېنىق تونۇش بولۇشى كېرەك.

## 2. يېزا سىياستىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى قانداق قىلىپ ياخشى ئىشلەش كېرەك.

يېزا سىياستىنىڭ مۇھىملىقى يېزا سىياستىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە بولغان تەلەپنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، مېنىڭچە تۆۋەندىكى بەتتە تەرەپكە دىققەت قىلىش كېرەك، يەنى: مەركەزنى چۆرىدەش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەش، ئالدىن كۆرۈش، ئىنكاس سۈپىتىدىكى ئۇچۇرلارنى توپلاش، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈشتىن ئىبارەت.

**بىرىنچى، يېزا سىياستىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.** ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات نۆۋەتتە يېزىلاردىكى بارلىق خىزمەتلەرنىڭ مەركىزى، يېزا سىياستىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى مۇشۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. سىياسەت تەتقىقاتى ئادەتتىكى ئىلمىي تەتقىقات ئەمەس، ئۇ پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، ئەمەلىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، تەدبىر كۆرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىياسەت تەتقىقاتىغا ئېما تاللاشتا چوقۇم يېزا ئىقتىسادىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ جان تومۇرىنى ئىگىلەپ، يېزا ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى داۋامىدىكى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ۋە

قىيىن مەسىلىلەرنى، يەنى ئامما ئەڭ مەنپەئەتتىن كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئامما ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى تۇتۇش كېرەك. يېزىلاردىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى، يېزىلارنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقىغا چېتىشلىق بىخلىق، خاھىشلىق، ھالقىلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ھەر بىر مەزگىلدە شۇ مەزگىلگە مۇناسىپ كېلىدىغان مۇھىم نۇقتا بولۇشى لازىم. بىز ئوتتۇرىغا قويغان سىياسەتكە دائىر تەكلىپلەر چوقۇم ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى، مۇھىت، شارائىت ۋە ھەر تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى ئويلانغان بولۇشى كېرەك، مۇشۇنداق تەكلىپلا ئاسان يولغا قويۇلىدۇ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچى بولالايدۇ.

**ئىككىنچى، يېزا سىياسىتىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك.** توغرا سىياسەت ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئەينەن ئەكس ئەتتۇرگەن بولۇشى كېرەك. يېزا سىياسىتىنى تەتقىق قىلىشتا چوقۇم ئەمەلىي ئەھۋالنى ئىگىلەش، ئەمەلىي ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۇرۇش كېرەك، ئەمەلىي ئەھۋاللار ئۈستىدە ناتوغرا ھۆكۈم چىقىرىپ قويۇش سەۋەبى بىلەن تەدبىر كۆرۈشتە خاتالىق سادىر قىلىپ قويۇپ، دۆلەتكە ۋە خەلققە زىيان كەلتۈرۈشتىن ساقلىنىش كېرەك. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك دېگەنلىك ھەقىقىي ئەھۋالنى ئەستايىدىل ئىگىلەش ۋە ئۇنى دادىللىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش، كىتابىتىكىنى، يۇقىرىنىڭ دېگىنىنى ئاساس قىلماي، ئەمەلىيەتنىلا ئاساس قىلىش كېرەك دېگەنلىك-تۇر. ئەمەلىيەت دېگەنلىك ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان پاكىتلار، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى، كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى دېگەنلىكتۇر. شۇڭا، سىياسەت تەتقىقاتىدا بىرنى بىر، ئىككىنى ئىككى دېيىش، چوقۇم سەممىي گەپ قىلىش، راست گەپ قىلىش، ئۆز پىكرىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ئىدىيىنى ئازاد قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىش، دادىللىق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، زىيان تارتىشتىن ساقلىنىش، بولۇپمۇ زور زىيان تارتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم، ئۇ يېزا سىياسىتىنى تەتقىق قىلىش ئىشىنىڭ ھەقىقىي ئۈنۈملۈك بولۇش-بولماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالقىلىق بىر مەسىلىدۇر.

**ئۈچىنچى، يېزا سىياسىتىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىدە ئومۇمىيلىق نۇقتىئىنەزىرىنى تۇرغۇزۇش كېرەك.** سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىسلاھات ئىشلىرى پەيدىنپەي چوڭقۇر-لۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ، يېزا بىلەن شەھەرنىڭ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن سانائەتنىڭ مۇناسىۋىتى بارغانسېرى زىچلىشىپ بارىدۇ. بىز چوقۇم خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىيلىقىدىن يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا

مەسىلىسىنى كۆزىتىشكە ۋە بىلىشكە ماھىر بولۇشىمىز لازىم. مەسىلەن، ھازىر بىز دېگىز بويى رايونلىرىدا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىم راۋاجلاندۇرۇش كېرەك دەپ تەكىتلەۋاتىمىز، بۇ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان، يېقىنقى يىللاردىن بېرى بەزى دېگىز بويى رايونلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە، بولۇپمۇ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا سەل قارىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بىز مۇشۇنداق تەلەپنى قويماي بولمايدۇ، چۈنكى دۆلىتىمىزدەك 1 مىليارد 200 مىليون ئاھالىگە ئىگە بۇنداق بىر دۆلەتتە ئاشلىق تەمىناتىدا ئۇمىدنى خەلقئارا بازارغا باغلاپ قويۇش ئىنتايىن خەتەرلىكتۇر، دېگىز بويى رايونلىرىدىمۇ بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. ئومۇمىيلىق نۇقتىسىنەزىرى دېگەن مانا مۇشۇ.

**تۆتىنچى، يېزا سىياسىتىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىدە مەلۇم دەرىجىدىكى ئالدىدا مېڭىش ۋە ئالدىن كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش كېرەك.** سىياسەت تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىشتا ھەم مەۋقەنى ھازىرغا قويۇش، ھەم كەلگۈسىگە نەزەر سېلىش؛ ھەم ئوبيېكتىپ رېئاللىققا ئەھمىيەت بېرىش، ھەم تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى كۆرۈش كېرەك. مەسىلىنى مۇشۇنداق ئويلىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇرراق ئويلىيالايمىز، تېخىمۇ يىراقراقنى كۆرەلەيمىز، تېخىمۇ ئەتراپلىقراق تونۇشقا ئىگە بولالايمىز، مەسىلىنى تېخىمۇ توغرىراق ئىگىلىيە-لەيمىز. خىزمەتلەرنى مۇشۇنداق قانات يايدۇرغاندا، تېخىمۇ تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرۇپ، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلىيەلەيمىز، جان ھەلقۇمغا كەلگەندە توۋا-ئىستىغپار ئوقۇيدىغان، ئالدىراپ-تېنەپ ئىشلەپ قويىدىغان ئىش چىقمايدۇ. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى پۇختا ئېلىپ بارماي تۇرۇپ ئالدىراپ ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپنىڭ ھېچقانداق ھاياتىي كۈچى بولمايدۇ.

**بەشىنچى، يېزا سىياسىتىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىدە ئىنكاس سۈپىتىدىكى ئۇچۇرلارنى توپلاش كېرەك.** مەركەزنىڭ سىياسىتى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىجرا قىلىش ئەھۋالى قانداق، ئىجرا قىلىش داۋامىدا قانداق يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەر پەيدا بولدى، قانداق يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك، قايسى جەھەتتىن تولۇقلاش ۋە تەڭشەش كېرەك، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئىنكاس سۈپىتىدىكى ئۇچۇرلارنى توپلاش كېرەك. دۆلىتىمىزدەك بۇنداق بىر چوڭ دۆلەتتە، جايلارنىڭ ئەھۋالى ھەر خىل-ھەر ياڭزا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەرەققىيات جەريانىدا ئەھۋاللار يەنە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئىزچىل قوغلاپ تەتقىق قىلىپ، ئۈزلۈكسىز ئەھۋال ئىگىلەپ، مەسىلىلەرنى سېزىۋېلىشىمىز ھەمدە ئۆزگەرگەن ئەھۋالغا ئاساسەن، يېڭى سىياسەت تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز كېرەك. ئىلمىي بولغان ئۇچۇر سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك، بۇ ھازىر تېخى بىر قەدەر ئاجىز ھالقا، ئۇنىڭغا تېخى تولۇق ئەھمىيەت بەرمىدۇق، بۇندىن كېيىن ئۇنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىشىمىز كېرەك. ھازىر بار بولغان بەزى مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر تورلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز

كېرەك.

**ئالتىنچى، يېزا سىياسىتىنى ئەمەلىي ئىجرا قىلىدىغان يولداشلار ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشى كېرەك.** بىرىنچىدىن، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى، بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۇنى سىياسەت ئەمەلىي ئىجرا قىلىش خىزمىتىگە يېتەكچى قىلىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى پارتىيىمىزنىڭ يېزىغا قاراتقان بىر قاتار فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىش، بۇ فاڭجېن-سىياسەتلەرنى پىششىق بىلىش ۋە ئىگىلەش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئۆگىنىش، جۈملىدىن تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىلغار باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىپ ئۆگىنىش كېرەك. غەربنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىنى شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئىجتىمائىي-تارىخىي شارائىتنى ۋە ئۇنىڭ تەتبىقلاشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان دائىرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك، مۇشۇ ئالدىنقى شەرت ئاستىدا قايسىسىنى تەتبىقلاپ ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى، قايسىسىنى شاللىۋېتىش كېرەكلىكىنى ئويلىنىش كېرەك. تۆتىنچىدىن، ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش كېرەك. باش شۇجى جياڭ زېمىن رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكا ئاساسىي بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغانىدى، بىز يېزا سىياسىتىنى ئەمەلىي ئىجرا قىلىدىغان يولداشلار تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، چىڭ تۇتۇپ بۇ جەھەتتىكى بىلىملەرنى تولۇقلىۋېلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ بىزنىڭ يېزا سىياسىتىنى ئەمەلىي ئىجرا قىلغاندا ئىقتىساد بىلەن پەن-تېخنىكىنى، ئىسلاھات بىلەن تەرەققىياتنى بىرلەشتۈرۈپ ئويلىنىشىمىزغا ياردىمى بولىدۇ.

**يەتتىنچى، يېزا سىياسىتىنى ئەمەلىي ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك.** تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىشتا چوقۇم كۆپرەك ئاڭلاش، كۆپرەك كۆرۈش، يېزا، كەنت، ئائىلىلەرگىچە بېرىپ، دېھقانلارنىڭ ۋە يېزا كادىرلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى كاشىلىغا ئۇچرىمىغان ھالدا بىۋاسىتە ئاڭلاش كېرەك. ھازىر بىر خىل ناچار كەيپىيات مەۋجۇت، ئۇ بولسىمۇ ساختىپەزلىك قىلىش، مۇبالىغىلەشتۈرۈپ يالغان مەلۇم قىلىش، نەتىجىنى باشقىلارغا كۆرسىتىشنى خالاپ، مەسىلىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى خالىماسلىق؛ ياخشى تەرەپنى سۆزلەشنى خالاپ، ناچار تەرەپنى سۆزلەشنى خالىماسلىق. بۇنداق كەيپىيات گەرچە ئومۇمىيۈزلۈك بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن دىققەت قىلىشىمىزغا ناھايىتى ئەرزىيدۇ. بىزنىڭ سىياسەت ئەمەلىي ئىجرا قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلىرىمىز ئەگەر ئەمەلىيەت بىلەن ئۇچراشمىسا، دېھقانلار ۋە يېزا كادىرلىرى بىلەن ئۇچراشمىسا، ئۇ ھالدا ئۇلار ناھايىتى خەتەرلىك يولدا ماڭغان بولىدۇ. دېھقانلاردىن دوست تۇتۇش كېرەك، ئۇلاردىن ھەقىقىي ئەھۋاللارنى تېخىمۇ كۆپرەك چۈشەنگىلى ۋە ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش خىزمىتىدە پارتىيە ئالدىدا، دۆلەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، خەلق مەنپەئىتى ئالدىدا جاۋابكار بولۇش كېرەك، قىلچىمۇ ساختىلىق قىلىشقا بولمايدۇ. يېزا سىياسىتىنى تەتقىق قىلىدىغان يولداشلاردا يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بولۇشى، جان-دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسى بولۇشى، قۇرۇق نامغا بېرىلمەسلىكى، قۇرۇق ئابروينى كۆزلىمەسلىكى، ھەقىقەتنى ئىزدەش پوزىتسىيىسى بىلەن، خىزمەتلەرنى پۇختىلىق بىلەن ياخشى ئىشلىشى لازىم.

## 3. يېزا سىياسىتىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىرنەچچە مۇھىم مەسىلىلەر

يېزا سىياسىتىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىگە، مەركەز بەلگىلىگەن "پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش"تىن ئىبارەت ئومۇمىي خىزمەتكە ئاساسەن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش تەلپىگە بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. نۆۋەتتە يېزا ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىدا پەيدا بولغان ھەر خىل زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، بىرنەچچە تەرەپتىكى تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك.

**بىرىنچى، ئائىلىلەر بويىچە مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا، قانداق قىلىپ يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلىشىش، تاۋارلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىشقا يېتەكلەش مەسىلىسى.** ئائىلىلەر بويىچە مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە ئېلىشنى ئاساس قىلغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يېزىلاردىكى ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈم بولۇپ، ئۇنى ئۇزاققىچە ئۆزگەرتمەسلىك كېرەك. ئائىلە ئىگىلىكى گەرچە يېزا ئىگىلىكىدىكى بىر خىل ئەنئەنىۋى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ زادى ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكىنى يوق، ھەتتا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىمۇ، يېزا ئىگىلىكىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى يەنىلا ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانى بولۇۋاتىدۇ. ئائىلە ئىگىلىكى يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى چەتكە قاقمايدۇ.لېكىن ھازىر ئېلىمىزدىكى

دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كۆلىمى ھەقىقەتەن بەك كىچىك، مەملىكەت بويىچە ھەر بىر ئائىلىگە توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر ئاران يېرىم گېكتارغا يېتىدۇ، بۇنداق كۆلەمدىكى يېزا ئىگىلىكى ئىلغار پەن-تېخنىكىنى كېڭەيتىشنى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشنى بەلگىلىك دەرىجىدە چەكلەپ قويىدۇ. بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىشتا، ئائىلىلەر بويىچە ھۆددىگە ئېلىشنى ئاساس قىلغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە، تومتاقلىق قىلىپ دېھقانلار ھۆددىگە ئالغان يەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، كوللېكتىپنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، بۇ يول ئاقمايدۇ. دەل مۇشۇنداق مەسىلىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەركەز ئائىلىلەر بويىچە مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ تېرىلغۇ يەرنى ھۆددىگە ئېلىش مۇددىتىنى يەنە 30 يىل ئۇزارتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنداق قىلىش يېزىلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن. تۈپ چارە يەنىلا يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنىڭ ئېقىپ تۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش، يەنى مەركەز ئوتتۇرىغا قويغاندەك، يەرنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدا بولۇشىنى ئۆزگەرتمەسلىك، تېرىلغۇ يەرنى باشقا ئىشلارغا ئىشلەتمەسلىك شەرتى ئاستىدا، باشقىلارغا ھۆددىگە بېرىشنى، ئۆتكۈنۈپ بېرىشنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت. بۇ خىل مېخانىزم ئارقىلىق، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنىڭ ئېقىپ تۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش كۆلىمىنى پەيدىنپەي كېڭەيتىش كېرەك. مۇۋاپىق كۆلەمدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى شەرت-شارائىتنىڭ تولۇق ھازىرلىنىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىش كېرەك. سەندۇڭ قاتارلىق جايلاردا يارىتىلغان "كارخانىلارچە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى" دىققەت قىلىشقا بەك ئەرزىيدۇ. ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، "باشلامچى كارخانىلار"نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، "ئىشلەپچىقىرىشنى كەسپلەشتۈرۈش، مۇلازىمەتنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى بىر گەۋدىلەندۈرۈش"نى يولغا قويۇشمۇ بىر خىل كۆلەملىك ئىگىلىك باشقۇرۇش يولى. مۇۋاپىق كۆلەملىك ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش، تاۋارلاشتۇرۇش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش — ناھايىتى ئۇزاق بىر جەرياندۇر. بۇ مەسىلىدە چوقۇم ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ھەر جاينىڭ شارائىتىغا بېقىپ ئىش كۆرۈپ، دېھقانلارنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئەھۋالغا بېقىپ يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك، بىر خىل شەكىل بىلەن بەنت بولۇشقا، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

**ئىككىنچى، قانداق قىلىپ ھەم بازار مېخانىزمىنىڭ ئۈللۈق رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ھەم ھۆكۈمەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلىشىنى ئۈنۈملۈك ھالدا يولغا قويۇش مەسىلىسى.** يېزا

ئىگىلىكى باشقا كەسىپلەرگە ئوخشاشلا، دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلىشى ئاستىدا بازارنى بايلىقنى تەقسىملەشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى قىلىشى شەرت. لېكىن يېزا ئىگىلىكى باشقا كەسىپلەرگە يەنە ئوخشىمايدۇ، ئۇ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى، ئۇ تەبىئەتتىن ۋە بازاردىن كېلىدىغان قوش خېيىم-خەتەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، شۇڭا ئۇنى قوللاش ۋە قوغداش كېرەك. بازارنىڭ ئۆزىدىمۇ كەمچىلىك بولىدۇ، يالغۇز بازارغا تايىنىپ يېزا ئىگىلىكىدىكى مەسىلىلەرنى تولۇق ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى يېزا ئىگىلىكىگە ئارىلىششقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. بىز بازار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغانسېرى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئىلىپ بېرىلغانسېرى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇللۇق ئورنىنى شۇنچە كۈچەيتىش كېرەك دەيمىز، بۇنىڭدا ھۆكۈمەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئارىلىشىش كۈچىنى ئاشۇرۇشنىمۇ كۆزدە تۇتىمىز. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ھۆكۈمەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلىشىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى، ئىقتىسادىي ۋە قانۇن ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، قوشۇمچە زۆرۈر بولغان مەمۇرىي ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى يۆلەش ۋە قوغداشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت، بۇ — ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇل قۇرۇلۇشىنى ۋە يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئىشىنى كۈچەيتىش كېرەك. مەركەزنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مەركەزدىن يەرلىككىچە قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، مىللىي دارامەتنى تەقسىم قىلىش تۈزۈلمىسىنى تەڭشەپ، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالغان مەبلىغىنىڭ، مالىيە خام چوتى ئىچىدىكى مەبلەغنىڭ ۋە ئىناۋەتلىك قەرز مەبلىغىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان نىسبىتىنى كۆپەيتىش كېرەك. نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپە — ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، يېزا ئىگىلىكىدە يېڭى ساھەلەرنى ئېچىش ۋە تۆۋەن-ئوتتۇرا مەھسۇلاتلىق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىشنى ياخشى ئىلىپ بېرىش، قوللىنىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىلغار پەن-تېخنىكىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىش، ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ھەممىسى يېزا ئىگىلىكىنى قوغداشنىڭ مۇھىم تەرىپىدۇر.

**ئۈچىنچى، قانداق قىلىپ ھەم ئاساسىي يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۇنۇملۇك تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، ھەم دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش مەسىلىسى.** بۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بىرلىك بولۇشى كېرەك، بىراق ئەمەلىيەت داۋامىدا بەزىدە زىددىيەتمۇ پەيدا بولىدۇ. ئېلىمىزدە ئادەم كۆپ، يەر ئاز بولۇشتەك زىددىيەت ناھايىتى گەۋدىلىك بولۇپ، ئاشلىق، پاختا قاتارلىق ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن باشقا ئىقتىسادىي زىرائەت ۋە كۆپ خىل ئىگىلىك ئوتتۇرىسىدىكى يەر تالىشىش مەسىلىسى بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىدۇ. بىزنىڭ ئومۇمىي فاڭجېنىمىز — ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى بوشاشتۇرماسلىق، كۆپ خىل ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش. بۇ فاڭجېننى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەتراپلىق چۈشىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، بۇنىڭ سالمىقىنى توغرا ئىگىلەش لازىم. بىز ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئاشلىقنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى يەنە بىر يېڭى پەللىگە چىقىرىشقا تىرىشىشىمىز كېرەك، بۇ — ئىككىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانغا يېتىشىمىزدىكى بىر ئاساسىي شەرت. بىز يەنە شەھەر-يېزا ئىقتىسادىنىڭ تۈزۈلۈشىنى ۋە يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى داۋاملىق ھالدا مۇۋاپىق تەڭشەپ، كۆپ خىل ئىگىلىك ۋە يېزا-بازار كارخانىلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇشىمىز، ھەمدە ئۇنى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يۆلەش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن ئوبدان بىرلەشتۈرۈپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى ۋە دېھقانلار كىرىمىنىڭ داۋاملىق ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا، بىز يەنە نەزىرىمىزنى دۆلەتنىڭ زېمىن بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكىگە قاراپ يۈرۈش قىلىشىمىز كېرەك. زېمىن بايلىقىنى ئېچىش جەھەتتە ياخشى بىر ئوي-پىكىر ۋە پىلان بولۇشى، ياخشى بىر ئېچىش مېخانىزمى بولۇشى كېرەك. مۇشۇ يىللاردىن بۇيان يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بىر يۈرۈش چارە-تەدبىرلەر شەكىللىنىپ، ئۇنۇمى ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولدى، بۇنى قەتئىي بوشاشماي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. قىسقىسى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى بوشاشتۇرماسلىق، كۆپ خىل ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، مۇھىم نۇقتىنى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇزۇلۇق ئورنىنى كۈچەيتىشكە، يېزا ئىقتىسادىنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، يېزا ئىگىلىكىنى چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىككە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قويۇش لازىم.

**ئۈچىنچى، قانداق قىلىپ شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ، رايونلارنىڭ ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىشىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى.** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شەھەر بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى تەرەققىياتنىڭ پەرقى بارغانسېرى چوڭىيىپ، يېزا ئىقتىسادى تەرەققىياتى ھەتتا پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىدىكى بىر گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. ئىقتىسادنىڭ تەكشىسىز تەرەققىي قىلىشى بىر ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. دۆلىتىمىز شۇنچە چوڭ، جايلارنىڭ ئەھۋالى زور دەرىجىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، شەرت-شارائىتى ۋە ئاساسى ياخشى بىر قىسىم رايونلارنىڭ ئاۋۋال تەرەققىي قىلىشى ۋە باشقا رايونلارنىڭ پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بېرىشى ۋە يېتەكلىشى ئارقىلىق ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن، ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگىمۇ ئۇيغۇن. لېكىن بۇنداق پەرقنى ئۇزاققىچە كېڭەيتىۋېتىشكە بولمايدۇ، ئۇزاققىچە كېڭەيتىۋېتىدىغان بولسا، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇپ قالىدۇ، ئالغا كەتكەن رايونلارمۇ تەسىرگە ئۇچرايدۇ. قانداق قىلغاندا ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ؟ دۆلەتنىڭ مەلۇم دەرىجىدە

يۆلشى ۋە ياردەم بېرىشى زۆرۈر، لېكىن، مۇھىمى بۇ رايونلار ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى كېرەك: بىرىنچى، ئۇستۇنلۇكىنى، بولۇپمۇ بايلىق جەھەتتىكى ئۇستۇنلۇكىنى جارى قىلدۇرۇشى، ئىجابىي ئامىللارنى جارى قىلدۇرۇپ، سەلبىي ئامىللارنى تەرك ئېتىپ، شەرقىي رايونلار بىلەن ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىششنى كېڭەيتىشى كېرەك؛ ئىككىنچى، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، قاتناش، ئالاقىلىشىش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياخشىلىشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، مائارىپقا ۋە ئىختىساسلىق كىشلەرنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى، كادىرلارنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇشى، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۈستۈرۈشى كېرەك؛ ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارنىڭ دائىرىسى ناھايىتى چوڭ، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەھۋالى زور پەرقلىنىدۇ، شۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ كونكرېت يوللىرىنى تەتقىق قىلىشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

**بەشىنچى، قانداق قىلىپ يېزا ئىگىلىكىدىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزىلاردىكى كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى.** 90-يىللاردىكى جۇڭگو يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش-قىلالماسلىقتىكى مۇھىم بىر مەسىلە، يېزا ئىگىلىكىدىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئېكىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش-قىلالماسلىقتا. يېزا ئىگىلىكىدىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەشتە، بىرىنچىدىن، مەۋقەنى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىغا قويۇپ، بايلىقتىن پايدىلىنىشنى كېڭەيتىش ئارقىلىق، ئېچىش خاراكتېرىدىكى يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، يېزا-بازار كارخانىلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. يېزا-بازار كارخانىلىرى 110 مىليون ئەمگەك كۈچىنى قوبۇل قىلغان، بۇ قالتىس بىر مۇۋەپپەقىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى بولمىغان بولسا، بىز بۈگۈنكى كۈندە يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە تېخىمۇ چوڭ مەسىلىگە دۇچ كېلەتتۇق. يېزا-بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بۇندىن كېيىن يەنىلا يېزا ئىگىلىكىدىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئاساسلىق يولى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، كىچىك شەھەر-بازارلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېزا-بازار كارخانىلىرىنى پەيدىنپەي كىچىك شەھەر-بازارغا قاراپ مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك، بۇنىڭ بىلەن يەرنى، ئېنېرگىيىنى تېجىگىلى، قاتناشقا ئوڭايلىق تۇغدۇرغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە 2-، 3-كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ، ئەمگەك كۈچلىرىنى كىچىك شەھەر-بازارغا يۆتكەشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. يەتتىنچىدىن، چوڭ-ئوتتۇرا شەھەرلەرگە كىرگەن دېھقان ئىشچىلار ئۈستىدىكى يېتەكلەش ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىنى مۇۋاپىق چارىنى قوللىنىپ كۈچەيتىش كېرەك، بۇمۇ مۇھىم بىر ۋەزىپە.

**ئالتىنچى، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى قانداق كۈچەيتىش مەسىلىسى.** شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ كۆپىنچىلىرى ياخشى ۋە بىر قەدەر ياخشى، يېزا ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ كۈچەيتىلىشى ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن ئايرىلمايدۇ. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىدا ھەقىقەتەن سەل قاراشقا بولمايدىغان مەسىلىلەر مەۋجۇت. بىر قىسىم يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ھالەتتە تۇرۇپ، رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرمىغان؛ بەزى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى ئەمەس، ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسى بىلەن تولىمۇ ماسلاشمىغان. ئەگەر بۇ خىل ئەھۋال تېزدىن ئۆزگەرتىلمىسە، يېزا ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرگىلى بولمايلا قالماستىن، بەلكى يېزىنىڭ مۇقىملىقىغىمۇ تەسىر يېتىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يېزىلاردىكى ئاساسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا، يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش، ئالدى بىلەن پارتىيە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىك يادروسىلىق ۋە جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرى، ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش لازىم. يېزا-كەنت كادىرلىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغاپ، ئۇلارنىڭ غەم-قايغۇسىنى ھەل قىلىش كېرەك. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىرنەچچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»دا، يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى توغرىسىدا ئېنىق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئۇنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. مەركىزىي يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا، ئالاقىدار خىزمەتلەر توغرىسىدا مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى، بۇ يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ھەمدە جايلارنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، كونكرېت ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلىش لازىم.

**يەتتىنچى، يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى قانداق كۈچەيتىش مەسىلىسى.** يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ۋە دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزىلاردا جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئىشىنى ياخشى يولغا قويۇش يېزىلارنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى

سۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. يېزا سىياسىتىنى ئەتتىق قىلىدىغان يولداشلار يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي مەسىلىگە-لا دىققەت قىلىپ قالماستىن، بەلكى يېزىلاردىكى ھەر خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگىمۇ دىققەت قىلىشى كېرەك. بەزى جايلاردا مەنىۋى مەدەنىيەت چىڭ تۇتۇلمىغان، جەمئىيەت كەيپىياتى ياخشى ئەمەس، ئامانلىق ئەھۋالى ناھايىتى ناچار، ئىقتىسادمۇ تەسىرگە ئۇچرىغان، دېھقانلارنىڭ پىكرى ناھايىتى چوڭ بولغان. بۇنىڭغا نىسبەتەن چوقۇم يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، يېزىلاردىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىشنىڭ يولى ۋە چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى تىرىشىپ ئىزدىنىشىمىز كېرەك. سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئۇلارنى چوقۇم تەڭ قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق ئەھۋالدا، مەنىۋى مەدەنىيەتنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئىقتىسادنى بىر مەھەل تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، خەلقنى زەھەرلەيدىغان، جەمئىيەتنى بۇلغايدىغان نەرسىنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويۇشقا بولمايدۇ. ”ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش“ فاكجېنىدا ئىزچىل ھالدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. يېزىلاردا ناچار ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، قىمارۋازلىق خۇراپاتلىقنى تۈگىتىپ، ساغلام، مەدەنىي تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. بۇ جەھەتتە، جايلاردىكى بەزى ياخشى تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەشكە ۋە كېڭەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: رىسالەت ئابلا**

**تەلئەت ئىبراھىم**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

www.uyghurkitap.com

# ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەيلى

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

باھار مەنزىرىسىگە تولغان 3-ئايدا، 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3-قېتىملىق يىغىنى ۋە 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 3-قېتىملىق يىغىنى ئالدىن بەلگىلەنگەن قارالمىلارنى تاماملاپ، غەلىبىلىك يېپىلدى. بۇ ئىككى يىغىن دېموكراتىيە، ئەمەلىيەتچىللىك، ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق، غەيرەتكە كەلتۈرۈش روھى بىلەن چاقىرىلغان بولۇپ، 14-قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-، 4- ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تەنتەنىلىك يىغىن بولدى. بۇ ”ئىككى يىغىن“نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز.

ئۆتكەن بىر يىلدا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە ھەرقايسى تارماقلىرى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بەلگىلىگەن ”پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش“تىن ئىبارەت خىزمەت ئومۇمىيلىقىنى ئاساس قىلىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. مالىيە-باج، پۇل مۇئامىلىسى، تاشقى پېرېۋوت، تاشقى سودا، مەبلەغ سېلىش، باھا ۋە ئوبوروت تۈزۈلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى چوڭ-چوڭ ئىسلاھاتلار ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەھەتتە ھەل قىلغۇچ قەدەملەر تاشلاندى. ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشتىن ئىجابىي ئۈنۈم كۆرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يېزا ئىقتىسادى داۋاملىق راۋاجلاندى، سانائەتنىڭ ئۈنۈمى مەلۇم دەرىجىدە ئۆستى، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار كۈچەيتىلدى، ئىمپورت-ئېكسپورت سودىسى داۋاملىق ئېشىپ باردى، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى ئالدىنقى ئىككى يىلدا تېز سۈرئەت بىلەن ئاشقان ئاساستا، تېز، ساغلام راۋاجلىنىش يولىنى بويلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ باردى. پەن-تېخنىكا، مائارىپ ۋە تۈرلۈك ئىشلار ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىپ، سوتسىيالىستىك

مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، شەھەر-يېزا خەلقىنىڭ ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇشى يەنىمۇ ياخشىلاندى. سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزدە ئىتتىپاق، مۇقىم بولغان، تىرىشىپ ئالغا ئىنتىلىدىغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى.

دەرۋەقە، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا، بەزى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرگىمۇ دۇچ كەلدۇق. مال باھاسىنىڭ بەك زور ھەجىمدە ئۆرلەپ كېتىشى ئاما قاتتىق نارازى بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى ئاجىز، بىر قىسىم دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى يېتەرسىز، كىشىلەرنىڭ كىرىم تەقسىماتى مۇناسىۋىتىدە بىر قەدەر ئېغىر نامۇۋاپىق ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە، بەزى جايلاردا ئىجتىمائىي ئامانلىق ئەھۋالى ياخشى ئەمەس، چىرىكلىك ھادىسىلىرى بەزى جەھەتلەردە ھېلىمۇ ناھايىتى ئېغىر، بەزى ھۆكۈمەت خادىملىرى ئىچىدە شەكىلۋازلىق قىلىدىغان، بيۇروكراتلىق قىلىدىغان، ۋەزىپە ئۆتەشتە مەسئۇلىيەت-سىزلىك قىلىدىغان ئىشلار پات-پات يۈز بېرىپ تۇرماقتا، مانا بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى سەل قاراشقا بولمايدىغان، كۈچ سەرپ قىلىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدىغان مەسىلىلەردۇر. ئەمما ۋەزىيەتنى تونۇشتا ئالدى بىلەن ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇش لازىم. ئالدىمىزدا تۇرۇۋاتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتكە سېلىشتۇرغان-دا، قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر قانداقلا بولمىسۇن تارماق ئېقىملا ھېسابلىنىدۇ. بىز ۋەزىيەتنىڭ چوڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپلا ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقلارغا بىپەرۋالىق قىلساق بولمايدۇ، بەزى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىشى بىلەنلا ئالغا ئىلگىرىلەش ئىشەنچىمىزنى يوقىتىپ قويساقمۇ بولمايدۇ. ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا ساقلانغان بۇ قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى پارتىيە ۋە دۆلەت يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، تۈرلۈك ئىجابىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ھەل قىلىۋاتىدۇ. بىز چوڭقۇر ئىشىنىمىزكى، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ئىشلەش ئارقىلىق، قىيىنچىلىقلارنى يەڭگىلى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرىمىزنى داۋاملىق ئالغا سۈرۈشكە ئىقتىدارى بار.

بۇ يىل خەلق ئىگىلىكىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ "8-بەش يىللىق پىلانى"نى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنداشتىكى ئاخىرقى بىر يىل، شۇنداقلا مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم بىر يىل، ۋەزىپە ئېغىر ھەم مۇشكۈل. بۇ يىل ئېچىلغان "ئىككى يىغىن"نىڭ روھى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىشەنچنى ئاشۇرۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەپ، بۇ يىلقى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش ۋە جەلپ قىلىشتىن ئىبارەت. "ئىككى يىغىن"نىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، بۇ يىلقى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، بۇلتۇرقىدىنمۇ زور

www.uyghurkitap.com

نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشىمىز لازىم.

بۇ يىلقى ”ئىككى يىغىن“نىڭ روھىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى — ”پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش“تىن ئىبارەت خىزمەت ئومۇمىيلىقىنى داۋاملىق ئىگىلەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ياخشى بىر تەرەپ قىلىش. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بەلگىلىگەن بۇ خىزمەت ئومۇمىيلىقى — پارتىيىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشتىكى تارىخىي تەجرىبىلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ئەمەلىيەت ئۇنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئومۇمىيلىق ئېڭىمىزنى ئاشۇرۇپ، ئىسلاھاتنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، تەرەققىياتنى تېزلىتىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇقىملىقنى ساقلاشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. ئومۇمىيلىقنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئىشنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكى، جىددىي-جىددىي ئەمەسلىكىگە قاراپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز، ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلىلەرنى ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن مەسئۇل بولۇپ ھەل قىلىشىمىز لازىم. پۇل پاخاللىقىنى تىزگىنلەش، يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش، دۆلەت كارخانىلىرىنى بولۇپمۇ چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ياخشى باشقۇرۇش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىدارە قىلىشنى ياخشى يولغا قويۇش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە بۇ يىلقى ”ئىككى يىغىن“دا كەڭ كۆلەمدە مۇھاكىمە قىلىنغان گەۋدىلىك مەسىلىلەر، شۇنداقلا ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت تارماقلىرى يولۇققان قىيىن مەسىلىلەر بولۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئومۇمىيلىققا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ مەسىلىلەر چىڭ تۇتۇلسا، خىزمەت ئومۇمىيلىقىدىكى مۇھىم ھالقا تۇتۇلغان بولىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش ئومۇمىيلىقنى قوغداپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز ئۇنى چوقۇم چىڭ تۇتۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك.

بۇ يىلنىڭ بېشىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ”ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئومۇمىي ئەھۋالنى بىلىش، ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەش“ فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇش — ”ئىككى يىغىن“نىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، بۇ يىللىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش، خىزمەت ئومۇمىيلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئىدىيىنى بىرلىككە

كەلتۈرۈش — خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئىدىيىۋى كاپالىتى. ئىدىيىۋى بىرلىك بولمىسا، ئۇيۇشۇش كۈچى بولمايدۇ، ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى توغرا تونۇپ، ئىدىيىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە مەركەز بىلەن بىردەك بولۇشىمىز، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزىنى ئاڭلىق ھالدا قوغداپ، مەركەزنىڭ بىر تۇتاش ئەمىر-پەرمانلىرىنىڭ راۋان يۈرگۈزۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز، "يۇقىرىنىڭ سىياسىتى بولسا، تۆۋەننىڭ تاقابىل تۇرۇش تەدبىرى بولۇش"تەك ئىشلارنى قىلماي، مەركەز قىل دېگەننى قىلىدىغان، قىلما دېگەننى قىلمايدىغان بولۇشىمىز لازىم. ئومۇمىي ئەھۋالنى بىلىش — خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى. ئومۇمىي ئەھۋالنى بىلمەي تۇرۇپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلىگىلى بولمايدۇ، ئومۇمىيلىقنىمۇ، قىسمەنلىكنىمۇ يېتەكلىگىلى بولمايدۇ. بىز ئۆزىمىزدە پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمەت دەيدىغان ئىدىيىنى تۇرغۇزۇپ، ئومۇمىيلىق كۆز قارىشىنى ئاشۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقىغا ئاڭلىق ھالدا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، ئۇنى قوغدىشىمىز، ئۇنىڭغا بوي سۇنۇشىمىز لازىم. ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، قىسمەن دائىرىلىك خىزمەتنى ئومۇمىي دائىرىلىك خىزمەت ئىچىگە سىڭدۈرۈشىمىز، مەۋقەنى ئومۇمىيلىققا قويۇپ، قىسمەنلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، قىسمەن مەنپەئەتنى دەپ ئومۇمىي مەنپەئەتكە قارىمايدىغان ھەتتا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشنى قىلماسلىقىمىز، زۆرۈر بولغاندا ئومۇمىي مەنپەئەت ئۈچۈن بەزى قىسمەن، ۋاقىتلىق مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىشىمىز ھەتتا قۇربان بېرىشىمىز كېرەك. ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش — خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. ماسلاشتۇرۇش بولمىسا، نورمال خىزمەت تەرتىپى بولمايدۇ. تۈزۈلمە يەڭگۈشلىنىۋاتقان مەزگىلدە، تۈرلۈك يېڭى زىددىيەتلەر، يېڭى مەسىلىلەر ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرىدۇ، ھەرقايسى تەرەپلەر، ھەرقايسى رايونلار، سىستېمىلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى سەپلەر ۋە ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلەردە، مەيلى ئىچكى جەھەتتە بولسۇن ياكى تاشقى جەھەتتە بولسۇن، ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىمىز. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، نۆۋەتتە ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئوتتۇرىسىدىكى ماسلاشتۇرۇشنى، تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋامىدىكى كارخانا تۈزۈلمىسى، ماكرولۇق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈلمىسى قاتارلىق جەھەتتىكى ئىسلاھاتلار ئوتتۇرىسىدىكى ماسلاشتۇرۇشنى، ئىقتىسادىي پائالىيەت داۋامىدىكى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمال، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوبوروت، جۇغلانما بىلەن تەقسىمات ئوتتۇرىسىدىكى

ماسلاشتۇرۇشنى، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار، دېڭىز بويى رايونلىرى بىلەن ئىچكى رايونلار، مەركەز بىلەن يەرلىك ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ماسلاشتۇرۇشنى، دۆلەت مەنپەئەتى، كوللېكتىپ مەنپەئەتى ۋە شەخسىي مەنپەئەت ئوتتۇرىسىدىكى ماسلاشتۇرۇشنى، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئوتتۇرىسىدىكى ماسلاشتۇرۇشنى نۇقتىلىق كۈچەيتىشىمىز، شۇ ئارقىلىق ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلەرنىڭ ئومۇملۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم. خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەش — ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنىڭ زۆرۈر ھەرىكىتى. فاڭجېن-سىياسەتلەر بەلگىلىنىپ، خىزمەت ۋەزىپىسى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەھۋال ئاستىدا، ئەڭ مۇھىمى، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش كېرەك. ھەرقانداق ئىش ۋارقىراش بىلەن ئەمەس، ئىشلەش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بىز سەممىي گەپ قىلىپ، ھەقىقىي غەيرەتكە كېلىپ، ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىمىز، شەكىلۋازلىق ۋە بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەپ، مۇبالىغىلەشتۈرۈپ يالغان مەلۇم قىلىشقا، ساختىپەزلىك قىلىشقا قارشى تۇرۇشىمىز، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئىجادكارلىق بىلەن ئىشلەپ، مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىپ، ھەقىقىي نەتىجىلەرنى يارىتىشىمىز لازىم.

دۆلىتىمىز خەلق ئۆز ئىشلىرىغا ئۆزى خوجا بولغان سوتسىيالىستىك دۆلەت. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە سىياسىي كېڭەش سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش، خەلقنىڭ ئۆز ئىشلىرىغا ئۆزى خوجا بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسىي شەكلى ۋە يولى. بۇ يىلقى «ئىككى يىغىن»نىڭ دېموكراتىك كەيپىياتى قويۇق بولۇپ، خەلق ۋەكىللىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ھەيئەتلىرى ئۆز پىكىرلىرىنى بايان قىلىپ، بەھوزۇر سۆزلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ يۈرەك سۆزىنى يەتكۈزۈپ، ئۆز ئىشلىرىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزدى. بىز «ئىككى يىغىن»نىڭ روھىغا ئاساسەن، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ تۈرلۈك تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. مۇنداق مۆلچەرلەشكە تولۇق ئاساسىمىز باركى، كېلەر يىلى «ئىككى يىغىن» چاقىرىلغاندا، ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىشلىرى تېخىمۇ گۈللىنىپ روناق تاپقان بولىدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: رىسالەت ئابلا**
**تەلئەت ئىبراھىم**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشكە دائىر مۇھاكىمە

# بىزنىڭ ئىشلىرىمىز باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا مۇراجىئەت قىلماقتا

**خۇاڭ چياڭ**

1994-يىل 6-ئايدا، يولداش جياڭ زېمىن گۇاڭدۇڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە: "تازا كۈچ سەرپ قىلىپ باشقۇرۇشنى ياخشىلاش لازىم. ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. باشقۇرۇش تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك بولۇشى، باشقۇرۇش خىزمىتى قاتتىق بولۇشى، باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلۈشى لازىم. ئىقتىساد، قانۇن، مەمۇرىيەت، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشتا، زامانىۋىلاشقان باشقۇرۇشنىڭ بولماسلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ" دەپ كۆرسەتكەن. بۇ پىكىر زامانىۋىلاشقان باشقۇرۇشنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ بەرگەن بولۇپ، بىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىزدە چوڭقۇر ھەم رېئال يېتەكچىلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە.

## 1

تارىخقا نەزەر سالساق، شۇنى بايقىۋېلىش تەس ئەمەسكى، باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك يۈزلىنىشتۇر، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تېز يۈكسىلىشى، كۆپىنچە، ئۇلارنىڭ زور كۈچ بىلەن باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان. كېيىن تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەت ئامېرىكىنى ئېلىپ ئېيتايلى، ئۇنىڭ مۇشۇ ئەسىر

ئىچىدە باشقا كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىن تېز ئېشىپ كېتىشى تېخنىكا جەھەتتىن قوراللانغانلىقىدىن بولدى دېگەندىن كۆرە، باشقۇرۇش سەۋىيىسىگە تايانغانلىقىدىن بولدى دېگەن تۈزۈك. ئاتوم بومبىسى ياساش نىشان قىلىنغان مانخاتون قۇرۇلۇشىنىڭ باش تېخنىكا مەسئۇلى پروفېسسور ئوپپىنخەيمور مۇنداق دېگەن: "پەن-تېخنىكىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى تولۇق كۆرسىتىشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگىنى ئىلمىي ئاساستىكى تەشكىللەش، باشقۇرۇشتىن ئىبارەت." ئاپولو ئايغا چىقىش پىلانىنىڭ باش مەسئۇلى دوكتور ۋېبېرمۇ مۇنداق دېگەن: بىز باشقىلاردا يوق تېخنىكىلاردىن بىرنىمۇ قوللانمىدۇق، بىزنىڭ تېخنىكىمىز ئىلمىي ئاساستىكى تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇشتىن ئىبارەت. يەنە ئالايلۇق، ياپونىيىنىڭ ئىگىلىكى يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان زور تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، ئۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە دۇنيا بويىچە ھەممىگە تونۇلغان چوڭ دۆلەتلەردىن بولۇپ قالدى، بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرىدىغان بولساق، شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ بۇ ھالغا كېلىشىمۇ باشقۇرۇش جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ. ياپونلۇقلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا: باشقۇرۇش بىلەن پەن-تېخنىكا تارىخىي تەرەققىياتنى ئالغا سۈرىدىغان ئىككى چوڭ چاق، باشقۇرۇش ئىشلەپچىقىرىشتىكى تۆتىنچى مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى، دەپ ھېسابلاشماقتا. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى ئۇلۇغ مىللەت قىلىپ قايتىدىن گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، باشقۇرۇشمۇ تەبىئىي ھالدا ئىنتايىن مۇھىم بىر شەرت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، ئاساسلىقى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ نىشانى بەلگىلىگەن، ئەلۋەتتە. دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى شەرھلەشتە، زامانىۋىلاشقان باشقۇرۇش مەسىلىسىگە ئىزچىل تۈردە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "باشقۇرۇشمۇ بىر تېخنىكا"، "ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ بىرمۇنچە شەكىللىرى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ۋاستىسى ۋە ئۇسۇلىغا ياتىدۇ"، "ئىلگىرى نامراتلىق پەدىسىدە باشقۇرۇپ كەلگەنىدۇق، ھازىر ئەھۋال ئۆزگەردى، ئەمدى ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش پەدىسىدە ماكرو جەھەتتىن باشقۇرىدىغان گەپ." "ئىنسانلار جەمئىيىتىدە يارىتىلغان بارلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلىش ۋە ئەينەك قىلىش، بۈگۈنكى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ، جۈملىدىن تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بارلىق ئىلغار ئىگىلىك شەكىللىرى، باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئەينەك قىلىش كېرەك." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-تومنىڭ 132-، 394-، 575-، 778-بەتلىرىگە قاراڭ) بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، باشقۇرۇشنى ياخشىلاش، باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئۆزى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە يولىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. باشقۇرۇش زامانىۋىلاشتۇرۇلمىسا، ئېلىمىزنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، پەن-تېخنىكا، دۆلەت مۇداپىئەسى

قاتارلىق ساھەلەردىكى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

## 2

”پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش“ — بۇ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىدىكى ئومۇمىيلىق ۋە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك يېتەكچى فاڭجېندۇر، ئۇنىڭدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بىز زامانىۋىلاشقان باشقۇرۇشنى ياخشى يولغا قويۇپ، باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈشىمىز مۇشۇ ئومۇمىيلىققا بوي سۇنۇش ۋە خىزمەت قىلىش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى ۋە داۋاملىق رول ئوينايدۇ.

پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش دېگىنىمىزدە، ئەڭ مۇھىمى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. باشقۇرۇشنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم كاپالىتى ئىكەنلىكىنى تارىخمۇ، رېئاللىقمۇ ئىسپاتلىدى. بىرىنچىدىن، باشقۇرۇش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ مەۋجۇدىيەت ھالىتىنى چەكلەپ تۇرىدۇ. ئوخشاش بولمىغان باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلى شارائىتىدا، مەلۇم جەمئىيەتنىڭ مەلۇم سەۋىيىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ مەۋجۇدىيەت ھالىتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، بەزىلىرى نىسبەتەن بوغۇلۇپ قېلىش ھالىتىدە تۇرىدۇ، بەزىلىرى نىسبەتەن ئازاد بولۇش ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن، باشقۇرۇش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھامان تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، تۈپ ئاساسىدىن ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ ۋە ئەمگەكچىلەر ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە باغلىق. ھالبۇكى، پەننىڭ، ئۇنۇملۇك باشقۇرۇشنىڭ ئۆزى بىر خىل تېخنىكا ھېسابلىنىدۇ، ئۇ مىليونلىغان - ئون مىليونلىغان خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادكارلىق روھى ۋە ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش-قوزغىيالماسلىق بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، باشقۇرۇش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش دەرىجىسىنى بەلگىلەيدۇ، كونكرېت باشقۇرۇش، تەشكىللەش بولمىسا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئەمەلگە ئاشمايدۇ، تەشكىللەش پۇختا، ئىلمىي بولمىسا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوخشاشلا كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەلگە ئاشمايدۇ. تۆتىنچىدىن، باشقۇرۇش بىر خىل يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىمۇ ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. باشقۇرۇش ياخشى بولمىسا، قۇرۇق

تالاش-تارتىش قىلىش، ئىچكى خوراش ۋە بىر-بىرىنىڭ كۈچىنى يوقىتىشىنىلا كەلتۈرىدۇ، ئىلمىي، پۇختا بولغان ئىش تەقسىماتى ئاساسىدىكى ھەمكارلىشىش بولسا، مۇقەررەر ھالدا ئومۇمىي مىقداردىن نەچچە ھەسسە ئاشىدىغان نەتىجىلەرنى يارىتىدۇ. قىسقىسى، يۇقىرىقى مەنىلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، باشقۇرۇشمۇ بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ھېسابلىنىدۇ، بىرەر جەمئىيەتنىڭ باشقۇرۇش ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشى، ئومۇمەن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى بىلەن توغرا تاناسىپلىق بولىدۇ.

ھازىر، ئېلىمىزنىڭ بەزى ساھەلىرىدە باشقۇرۇش سەۋىيىسى تېخى ناھايىتى تۆۋەن، بۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ تۇرۇۋاتقان مۇھىم بىر ئامىل. كىشىلەر ھەر دائىم، ئېلىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى جەھەت ئەللەرنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىدىن ئارقىدا تۇرىدۇ، دېيىشىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمىز، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىمىز ئالغا كەتكەن دۆلەتلەرنىڭكىدىن تېخىمۇ بەك ئارقىدا تۇرىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭغا باشقۇرۇش مەسىلىسى سەۋەبچى بولغان. مەسىلەن، نۆۋەتتە ئېلىمىزنىڭ ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى ئاران %30 ئەتراپىدا، سانائەتتە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ بولسا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %50 تىن ئاشىدۇ. ئېلىمىزدە بىر ئامېرىكا دوللىرىغا توختايدىغان نەرسىنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن خوراپ كەتكەن ئېنېرگىيە ھىندىستاننىڭ 2.7 ھەسسىسىگە، گېرمانىيىنىڭ 4.2 ھەسسىسىگە، برازىلىيىنىڭ 6.4 ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ. ھازىر، ياپونىيە بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ ئېنېرگىيە سەرپىيات ئومۇمىي مىقدارى ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىمىز ياپونىيىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىغىلا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمىزنىڭ يۇقىرى بولماسلىقى ئۇزاقتىن بۇيان بىزنى قوچۇپ تۇرماقتا، دۆلەت سانائەت كارخانىلىرىنىڭ زىيان تارتىش دائىرىسى ھازىرغا قەدەر بىرقەدەر زور نىسبەتنى ئىگىلىمەكتە. بۇنىڭ سەۋەبى نەدە؟ ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ ياخشى بولماسلىقى، رەھبەرلىكنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقى مۇھىم بىر ئامىل بولغان. شۇڭا، بىز قەتئىي نىيەتكە كېلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشىمىز لازىم.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، باشقۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۇنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە باشقا ئىسلاھاتلاردىمۇ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى مەۋجۇت. بۈگۈنكى كۈندە، ئالدىمىزدا قانداق بىر باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمى تۇرۇۋېتۇ؟ نەچچە ئون يىل يولغا قويۇلغان پىلانلىق ئىگىلىككە مۇناسىپ ھالدا، شۇ زاماندىكى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھالەتتە تۇرغانىدى، پارتىيە بىلەن مەمۇرىيەت، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا بىرلىشىپ كەتكەن، تۈرلۈك ھوقۇقلار ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي ئورگانلىرىغا ۋە ئۇلارغا قاراشلىق تارماقلارغا

مەركەزلەشكەنىدى. دېڭ شياۋپىڭ ئاللىقاچانلا مۇنداق دەپ تەنقىد قىلغانىدى: "ھەر دەرىجىلىك رەھبىرى ئورگانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىگە تەئەللۇق بولمىغان، ياخشى باشقۇرالمايدىغان، باشقۇرۇپ كېتەلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى باشقۇردى"، "ئۇ بىزنىڭ ئۇزاقتىن بېرى سوتسىيالىستىك تۈزۈم ۋە پىلانلىق باشقۇرۇش تۈزۈمى شارائىتىدا ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلاردا ھوقۇق مەركەزگە يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلۇشى كېرەك دەپ قاراپ كەلگەنلىكىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 2-توم، 709 — 710-بەتلەر) ئۇزۇن نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش دولقۇنى بۇنداق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە سوققا بولۇپ شەكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن مەسىلە تېخى ھەل قىلىنغىنى يوق، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، يەنىمۇ كېڭەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ زامانىۋىلىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۆتكەنكىدەك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ نۇقسانلىرى كۈندىن-كۈنگە گەۋدىلىنىپ چىقماقتا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە دەۋر تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەسلىك ئەھۋالى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ بارماقتا. ھازىر، بەزى ئورۇنلاردىكى پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى كېلەڭسىز بولۇش، قاتلام كۆپ بولۇش، ئىشتىن ئادەم كۆپ بولۇش، ئۈنۈم تۆۋەن بولۇش، ئاممىدىن ئايرىلىش ئەھۋاللىرى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئورگانىزمىنى يەڭگۈشلىشىگە توسالغۇ بولۇپ، ئۆزگەرتمەي بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. بۇ جەھەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلمىسە، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش قىيىن بولىدۇ. شۇڭلاشقا، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، بۇ نۇقسانلارنى تۈگىتىپ، يېڭىچە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش پۈتكۈل ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدىكى زادىلا كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان مۇھىم ۋەزىپە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭمۇ ئوبيېكتىپ تەلىپىدۇر.

مۇقىملىققا كەلسەك، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ، شۇنىڭدەك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ بىر ئالدىنقى شەرتىدۇر. جۇڭگونىڭ كۆتۈرۈلۈشى، مىللەتلىرىمىزنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن، مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت بولۇشى شەرت. دەرۋەقە، بىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى تۈپ-ئاساسىدىن كۈچەيتىمىز، لېكىن، زامانىۋىلاشتۇرۇش داۋامىدا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ نۇرغۇن مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىمۇ پەيدا بولىدۇ. ئىككى تەرەپتىن قىيىنچىلىق بولۇپ تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا، بىز، زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن مۇقىملىقنى ماسلاشتۇرۇپ بىرلىككە كەلتۈرىمىز، دەپلا جاۋاب بېرىمىز. ۋەھالەنكى، تىرىشىپ باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ،

باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاشتىكى مۇھىم بىر تەدبىر ھېسابلى-نىدۇ.

ھەممىگە ئايانكى، باشقۇرۇش ئىنسانلارنىڭ نورمال ئىجتىمائىي پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتىدۇر. چۈنكى، باشقۇرۇش، تۈپ مەنىسىدىن ئالغاندا، ماسلاشتۇرۇش ۋە تىزگىنلەش دېمەكتۇر، ئۇنىڭدا كىشىلەرنى قانداق قىلىپ مەلۇم ئىنسانلارنىڭ مەلۇم تەرتىپكە ياكى قائىدىسىگە كىرگۈزۈش تەكىتلىنىدۇ. مۇشۇ تەلەپ بويىچە بولغاندا، كىشىلەرنىڭ تارىخنى يارىتىش يولىدىكى پائالىيىتىنىڭ جەمئىيەتنى ئالغا سىلجىتىش-سىلجىتالماسلىقى شۇ پائالىيەتنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇش-بولماسلىقىغا باغلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پائالىيەتنىڭ تەشكىللىنىش ئەھۋالىغا ۋە رەھبەرلىك سەۋىيىسىگىمۇ باغلىق. بۇنداق دېگەنلىك، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشى، تەشكىللەنگەن ۋە رەھبەرلىكى بولغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى، يەنى باشقۇرۇشنى ئوبدان يولغا قويۇش لازىم، دېگەنلىكتۇر. باشقۇرۇش ياخشى بولمىسا، ئىجتىمائىي پائالىيەت تەرتىپسىز، قالايمىقان بولسا، مۇقەررەر ھالدا جەمئىيەتنىڭ داۋالغۇپ تۇرۇشىنى كەلتۈرىدۇ. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، جەمئىيەت ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلغانسېرى، ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىنسانلارغا قويغان تەلىپىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ شەخسلىكى ۋە ئېھتىياجى شۇنچە خىلمۇخىللىشىپ كېتىدۇ، تۈرلۈك مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنىڭ كۆپىيىشىگىمۇ شۇنچە ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا، مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، جۈملىدىن سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەت جەھەتتىن باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش شۇنچە زۆرۈر بولىدۇ. باشقۇرۇشنىڭ مۇقىملىقنى ساقلاشتىكى مۇھىملىقى ئاشسا ئاشىدۇكى، ئاجىزلاپ كەتمەيدۇ. باشقۇرۇشنىڭ ۋەزىپىسى مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى مەلۇم "چەك" ئىچىدە تىزگىنلەش، كىشىلەر ئارا مەنپەئەت تۈپەيلىدىن تۇغۇلغان تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى پەسىيىشكە قاراپ يېتەكلەپ، "تەرتىپ" دائىرىسىدىن چىقارماسلىقتىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىنى تۈپ-ئاساسىدىن كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ماسلىشىشچانلىقى ۋە ئىناقلىقىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

قىسقىسى، بىز زامانىۋىلاشقان باشقۇرۇش ئارقىلىق، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىمىز، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىمىز، مۇقىملىقنى ساقلايمىز. بۇلار ھەم جۇڭگوچە باشقۇرۇشنى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ ئىپادىسى، ھەم جۇڭگوچە باشقۇرۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسىي يولىدۇر.

### 3

باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىنسانلارنىڭ باشقۇرۇش پائالىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى، شۇنداقلا ئەنئەنىۋى باشقۇرۇشتىن زامانىۋى باشقۇرۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلىش جەريانىدۇر. ئۇ ئومۇمەن، مۇنداق تۆت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىككە ئىگە: بىرىنچى، ئوبيېكتىپلىققا ئىگە، يەنى باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ۋە ھازىرقى زامان جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلپى، ئەڭ ئاز ئادەم كۈچى، ماددىي ئەشيا كۈچى ۋە مالىيە كۈچى بىلەن ئەڭ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدىكى ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان قانۇنىدۇر. ئىككىنچى، نىسپىيلىككە ئىگە، يەنى ئۇ باشقۇرۇشنىڭ تارىختىكى، ئىلگىرىكى تەرەققىيات ھالىتىگە نىسبەتەن ئېيتىلغان، باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئۆلچىمى مەڭگۈ ئۆزگەرمەي تۇرمايدۇ، بەلكى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. زامانىۋىلاشتۇرۇش مەسىلىسى يالغۇز تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىلا مەۋجۇت ئەمەس، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرمۇ ئىزچىل تۈردە ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ھالەتتە تۇرمىسا، ئوخشاشلا تەرەققىيات داۋامىدا قاتاردىن چۈشۈپ قالىدۇ. ئۈچىنچى، ئومۇمىيلىققا ئىگە، يەنى باشقۇرۇش ئۆزىگە چېتىلىشلىق بولغان ئىقتىساد، سىياسەت، ئىدىيە، مەدەنىيەت، روھىي ھالەت ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار قاتارلىق كۆپ تەرەپلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، يەنە كېلىپ، باشقۇرۇشنىڭ سۇبيېكتى، باشقۇرۇشقا ئائىت پائالىيەت، باشقۇرۇشنىڭ جەريانى، ئۇسۇلى، ۋاستىسى قاتارلىق تەرەپلەرنىڭ قايسىبىرى بولمىسۇن، مۇستەسناسىز ھالدا زامانىۋىلىشىش يولىغا قاراپ ماڭىدۇ. تۆتىنچى، خىلمۇخىللىققا ئىگە، يەنى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تۈپ ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغاچقا، زامانىۋىلىشىش نىشانىغا يېتىشنىڭ يولى ۋە ئۇسۇلىمۇ خىلمۇخىل بولىدۇ، مۇقىم ئەندىزىسى بولمايدۇ، ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئۆزىگە لايىق كېلىدىغان زامانىۋىلىشىش تەرەققىيات يولىنى تاللىۋېلىشى كېرەك.

بىز تەلەپ قىلىۋاتقان زامانىۋى باشقۇرۇش، ئەلۋەتتە، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك زامانىۋى باشقۇرۇش بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭغا قويۇلغان ئاساسىي تەلەپلەر زادى نېمە؟ بىزنىڭچە، ئۇ تۆۋەندىكى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم.

باشقۇرۇشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى ئىلمىيلاشتۇرۇش كېرەك. ھازىرقى دەۋر ھەرقايسى تەرەپلەر ئۇچقاندەك تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋر، باشقۇرۇشنىڭ تاشقى مۇھىتىدا ھەر ۋاقىت

ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، باشقۇرۇش سۇبيېكتلىرىنىڭ قىممەت قارىشىدىمۇ ھەر ۋاقىت ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا، باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە ماركسىزمدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە تېخىمۇ چىڭ تۇرۇشىمىز تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، باشقۇرۇشنىڭ يولىغا قويۇلۇشىدىكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىش، بيۇروكراتلىق، تەجرىبىچىلىك، سۇبيېكتىپچىلىق ۋە شەكىلۋازلىقنى قەتئىي چۆرۈپ تاشلاش كېرەك، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ئۆزلۈكسىز يول ئېچىش، باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىش، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزدە تۇتۇش، ھەممىدە باشقۇرۇشنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىش كېرەك. مانا مۇشۇنداق يېتەكچى ئىدىيىنى تۇرغۇزغاندىلا، باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ.

باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىلمىيلاشتۇرۇش كېرەك. باشقۇرۇش ئۇسۇلى بىر قەدەر كۈچلۈك تېخنىكا تۈسىنى ۋە سەنئەت تۈسىنى ئالغان بولۇپ، باشقۇرۇشنىڭ ئۈنۈمدارلىقى ۋە ئۈنۈمگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىلمىيلاشتۇرۇش دېگەنلىك قەدىمقى زاماندىكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى، جۇڭگودىكى ۋە چەت ئەللەردىكى باشقۇرۇش تەجرىبىلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى تولۇق قوبۇل قىلىش كېرەك دېگەنلىكتۇر. كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى باشقۇرۇشنىڭ سىياسىي ۋە سىنىپىي خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى شەكسىز، لېكىن ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تېخنىكا خاراكتېرلىك ۋە ئۇسۇل خاراكتېرلىك نەرسىلەرنى ئەينەك قىلىپ قوللىنىش تامامەن مۇمكىن. قەدىمقى زاماندا ئېلىمىزنىڭمۇ بىرمۇنچە قىممىتى بار باشقۇرۇش ئىدىيىسى بولغان، ئۇنىمۇ كەڭ تۈردە تەتقىق قىلىش ۋە تەتبىقلاش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، كادىرلار ۋە ئامما بۇرۇن ياراتقان ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئىلمىي ئاساستا يەكۈنلىشىمىز ۋە ئومۇملاشتۇرۇشىمىز، شۇنداقلا ئىلغار بولغان ئىلمىي باشقۇرۇش نەزەرىيىسى بىلىملىرىنى ۋە ئىلغار پەن-تېخنىكىلارنى، مەسىلەن پىلانلاش ئىلمى، پسىخىكا، سىستېما نەزەرىيىسى، ئۇچۇر نەزەرىيىسى، تىزگىنلەش نەزەرىيىسى قاتارلىقلارنى باشقۇرۇش پائالىيىتى ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاپ، ئۇنى مىقدارلاشتۇرۇش، پروگراممىلاشتۇرۇش، سىستېمىلاشتۇرۇش، نورماللاشتۇرۇش ئارقىلىق، باشقۇرۇشنى ئىلمىيلاشتۇرۇش ۋە يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

باشقۇرۇش ۋاستىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش لازىم. باشقۇرۇش ۋاستىسىنىڭ زامانىۋىلىشىشى باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ماددىي ئاساسىدۇر، بۇنىڭدا باشقۇرۇش ساھەسىدە زامانىۋىلاشقان پەن-تېخنىكىنى ۋە ئۈسكۈنىلەرنى قوللىنىپ، ئىشخانىدىكى خىزمەتلەرنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. باشقۇرۇش ۋاستىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنى

قوللىنىپ، تەدرىجىي ھالدا تۆرلۈك ھۆججەت-ماتېرىياللارنى بىر تەرەپ قىلىش، ئۇچۇرلانى ساقلاش، ھېسابلاش، مۆلچەرلەش قاتارلىق ئىشلارنى ئۈستىگە ئېلىپ، پۈتكۈل باشقۇرۇش پائالىيىتىگە خىزمەت قىلىدىغان ئىلغار ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى تور سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئىلغار تېخنىكا ئاساسىدىكى ئالاقىلىشىش سىستېمىسىنى، مەسىلەن مىكرو دولقۇنلۇق ئالاقىلىشىش، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئالاقىلىشىش، فوتو تېلېفون، فوتو تېلېگراف، ئېلېكترونلۇق پوچتا، تېلېفون يىغىنى، يېپىق يوللۇق تېلېۋىزور قاتارلىق ئالاقىلىشىش سىستېمىلىرىنى بەرپا قىلىپ، ئۇچۇرلارنى تېز، توغرا يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۈنۈملۈك قوماندانلىق قىلىش، تىزگىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئىلغار تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرىنى، مەسىلەن ئېغىزدا ئېيتقىنى بويىچە بېسىش ماشىنىسى، كۆپەيتىپ بېسىش ماشىنىسى، خەت-چەك ماشىنىسى، مىكرو فوتو سۈرەت لېنتىسى بىلەن سۈرەت تارتىش ئاپپاراتى، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ قاتارلىقلارنى قوللىنىپ، ھۆججەت ۋە ئارخىپنى باشقۇرۇشنى ماشىنىلاشتۇرۇش ۋە ئاپتوماتلاشتۇرۇش، بۇنىڭ بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان ئەنئەنىۋى قول سايمانلىرىنى باشقۇرۇش ۋاستىسى قىلىپ كەلگەن ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، باشقۇرۇشنى ئىلمىيلاشتۇرۇش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش كېرەك.

باشقۇرۇش خىزمىتى تۈزۈلمىسىنى ئىلمىيلاشتۇرۇش، يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە قىلىش كېرەك. باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن، خىزمەت تۈزۈلمىسى يەنى خىزمەت تۈزۈمى جەھەتتىنمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئىلمىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك خىزمەت تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش لازىم. باشقۇرغۇچى شەخسلەرنىڭ ئىدىيە، ئىستىل قۇرۇلۇشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تۈزۈم قۇرۇلۇشى تېخىمۇ ئاساسلىق، تېخىمۇ ئومۇمىي خاراكتېرلىك، تېخىمۇ مۇقىم ۋە تېخىمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى گەۋدىلىك مەسىلە قاتارىدا تۇتۇپ، مەركەزنىڭ نوپۇزىنى ھەققىي قوغداش، كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىش بىلەن شەخسلەرنىڭ ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇشىنى بىرلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك، قاتتىق ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، نىشانلىق باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ۋەزىپە، ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەتنى ئېنىق بەلگىلەپ، ھەر بىر باشقۇرۇش خادىمىنى ئېنىق خىزمەت نىشانىغا ئىگە قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى سىناش، مۇكاپاتلاش-جازالاشقىمۇ ئاساس سېلىپ، باشقۇرۇش ئۈنۈمىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ئىلمىي بولمىغان تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتا قاتتىق بولۇش ئەمما ئۆلۈك بولماسلىقنى، جانلىق بولۇش ئەمما قالايمىقان بولماسلىقنى، ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىش، تېز ئالاقىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، شۇ ئارقىلىق بىر قەدەر يۇقىرى بولغان باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈپ،

باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش لازىم.

باشقۇرۇش ھەرىكىتىنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ۋە قانۇنچىلىق يولىغا سېلىش لازىم. باشقۇرۇش ھەرىكىتى باشقۇرۇش سۇبيېكتىنىڭ باشقۇرۇش جەريانىدا نىشانغا يېتىش ئۈچۈن قوللانغان مۇكەممەل بىر يۈرۈش ئۇسۇل، ۋاستە ۋە تەدبىرلىرىنىڭ تاشقى ئىپادىسىدۇر، ئۇ ئادەتتە، باشقۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ جەريانىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دېموكراتىيە بولمىسا، سوتسىيالىزم بولمايدۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش بولمايدۇ، باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشمۇ بولمايدۇ، باشقۇرۇش ھەرىكىتىنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش دېگەنلىك پۈتكۈل باشقۇرۇش پائالىيىتىنى دېموكراتىيىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىش، دېموكراتىيىنى باشقۇرغۇچى بىلەن باشقۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئورتاق كۆزلەيدىغان توپ قىممەتكە ئايلاندۇرۇش ھەمدە ئاڭلىق ھالدا ئۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل باشقۇرۇش پائالىيىتىنى تىزگىنلەش دېگەنلىكتۇر. باشقۇرغۇچىلارنىڭ دېموكراتىك ئىستىلى، ئاممىنىڭ ئاكتىپ قاتنىشىشى، رەھبەرلەر، مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئامما بىرلەشتۈرۈلگەن تەدبىر كۆرۈش مېخانىزمىنىڭ ئورنىتىلىشى، مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى، باشقۇرۇش سۇبيېكتى بىلەن ئوبيېكتىنىڭ ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشى، شۇنىڭدەك ئاممىنىڭ باشقۇرۇش ئورگانلىرى ئۈستىدىن ئاڭلىق نازارەتچىلىك قىلىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسى باشقۇرۇش ھەرىكىتىنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە باشقۇرۇشنى قانۇنچىلىق يولىغا سېلىش كېرەك. زامانىمىزدىكى دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، قانۇن بويىچە باشقۇرۇش زامانىۋىلاشقان باشقۇرۇشنىڭ توپ خۇسۇسىيىتى. ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش جەريانىدىكى تۈرلۈك ھەرىكەتلىرى، ئېلان قىلغان تۈرلۈك ھۆججەتلىرى، يولغا قويغان تۈرلۈك تەدبىرلىرى مۇناسىپ قانۇن ئاساسىغا ئىگە بولۇشى ھەمدە مۇناسىپ قانۇنلارنىڭ چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. بۇ، باشقۇرۇش خىزمىتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتىدۇر.

**(ئاپتور: شيامېن داشۆ سياسي فاكولتېتىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىنجان**

**مەسئۇل مۇھەررىر: تەلئەت ئىبراھىم**

www.uyghurkitap.com

# يېڭى كىتابلارنى ئوقۇڭ

نەشرىياتىمىز نەشر قىلغان «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى دېگەن نېمە؟»، «ھوقۇق-پۇل سودىسى»، «ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر»، مەملىكەتلىك 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3-ئومۇمىي يىغىنىدا لى پېڭ زۇڭلى بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» قاتارلىق كىتابلار يېقىندا نەشردىن چىقتى.

جياڭ زېمىن مەخسۇس كىرىش سۆز يېزىپ بەرگەن «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى دېگەن نېمە؟» ناملىق كىتابتا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ھەققىدىكى ئاساسىي ئۇقۇملار ۋە نەزەرىيىۋى بىلىملەر تونۇشتۇرۇلغان. بۇ كىتاب سىزنى نۆۋەتتىكى ئىسلاھاتنى چۈشىنىشتە چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق بىلىملەرگە ئىگە قىلىدۇ.

«ھوقۇق-پۇل سودىسى» دېگەن كىتابتا بىر قىسىم چىرىك ئۇنسۇرلارنىڭ رەزىللىكلىرى پاش قىلىنغان بولۇپ، كەڭ ئامما ۋە كادىرلار بۇ ئۇنسۇرلارنىڭ قىلمىشلىرىغا لەنەت ئوقۇش بىلەن بىللە، بۇ سەلبىي دەرسلىكتىن مەلۇم تەربىيىگە ئىگە بولىدۇ.

«ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر»دە ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئائىت بىلىملەر قىسقا ۋە ئاممىباب تونۇشتۇرۇلغان.

«ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»تا 1994-يىللىق مۇۋەپپەقىيەتلەر يەكۈنلەنگەن، 1995-يىللىق ۋەزىپىلەر، بۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشنىڭ يوللىرى، ئەھمىيىتى قاتارلىقلار تەپسىلىي سۆزلەنگەن.

كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق شىنخۇا كىتابخانىلىرىدىن سېتىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئادرېسىمىز: بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 5-قورو، پوچتا نومۇرى: 100013

**مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

ISSN 1006-5857

05>

《求是文选》(维吾尔文版) 国外代号：M5－V 刊号：ISSN1006－5857 / CN11－2498/D

邮发代号：2－373 定价：1.50元 邮政编码 100013

9 771006 585006